شەيخ ئەبۇمۇھەممەد

# جەننەت يولى

## طريق الجنة

تەييارلىغۇچى:

www.xjislam.com

تارقاتقۇچى تور بېكەت:

www.munber.org



بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئالاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئۇتۇقلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بىرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ، خاتالىق، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ جەننەتكە كىرگىسى كىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇنداقتا بىز ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىمىزگە، خۇراپات ـ بىدئەتلىرىمىزگە ئەگەشمەستىن بەلكى جەننەتنىڭ ئىگىسى بولغان الله نىڭ سۆزىگە ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋە سەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدىن ئىبارەت سۆزلىرىگە قۇلاق سىلىپ، ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم.

ئۇنداق بولسا قۇرئان ئايەتلىرىدە، سەھىھ ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن جەننەت يولىغا ئالدىرايلى! ئالغاقاراپ تىزراق ماڭايلى!!

الله نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن جەننەت يولى

بِسْمِ اللّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ❖

جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر.

الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ❖

الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ❖

قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.

إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ❖

(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.

اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ❖

بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ❖

غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).ئامىن!

ــ (سۈرە فاتىھە)





سۈرە بەقەرە

الم * ئەلىف، لام، مىم. ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ❖

بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر.

الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ

ئۇلار غەيىبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يۈلىغا) سەرپ قىلىدۇ.

والَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ

ئۇلار ساڭا نازىل قىلغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

أُوْلَئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ❖

ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (سۈرە بەقەر 1 ـ 5 ـ كىچە)

وَبَشِّرِ الَّذِين آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقاً قَالُواْ هَذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِن قَبْلُ وَأُتُواْ بِهِ مُتَشَابِهاً وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ❖

(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزقلانغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ.

(سۈرە بەقەر 25 ـ)

وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ❖

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر.

ئۇلارجەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. (82 ـ ئايەتى)

بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ❖

ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللهغا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلنى خالىس الله ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇپەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. (112 ـ)

فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُواْ لِي وَلاَ تَكْفُرُونِ❖

مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغفىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكرى قىلىڭلار، ناشۈكرىلىك قىلماڭلار.

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ إِنَّ اللّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ

ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

وَلاَ تَقُولُواْ لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبيلِ اللّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاء وَلَكِن لاَّ تَشْعُرُونَ

اللهنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر.

وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ

بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ

ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە اللهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللهنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ.





أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ

ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. (152 ـ دىن 157 ـ گىچە)

لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ❖

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.» (177 ـ ئايەتى)

وِمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ❖

بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ.

أُولَئِكَ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُواْ وَاللّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ

ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. اللهنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ. (201 ـ 202 ـ)

أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء

وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ❖

« سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «اﷲنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، اﷲنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.» (214 ـ)

مَّثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنبُلَةٍ مِّئَةُ حَبَّةٍ وَاللّهُ يُضَاعِفُ لِمَن يَشَاء وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ❖

اﷲنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. اﷲ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. اﷲنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (اﷲ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر).

الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ ثُمَّ لاَ يُتْبِعُونَ مَا أَنفَقُواُ مَنًّا وَلاَ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ❖

پۇل ـ مېلىنى اﷲ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەيرى ـ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنۇچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. (261 ـ 262 ـ)

الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ❖

ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەيرى ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنۇچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. (274 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ❖





ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنۇچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. (277 ـ ئايەت)

## سۈرە ئال ئىمران

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاء وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ❖

ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اﷲنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك).

قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ❖

(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، « سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھوزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە اﷲنىڭ رەزاسى بار». اﷲ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): « پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ.

الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ

ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اﷲغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ

قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچىلاردۇر.

شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُوْلُواْ الْعِلْمِ قَآئِمَاً بِالْقِسْطِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە ئال ئىمران 15 ـ دىن 18 ـ ئايەت)

وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلاَمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ❖

كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر. (85 ـ ئايەت)

وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَاخْتَلَفُواْ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُوْلَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ

روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ فَأَمَّا الَّذِينَ اسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكْفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ فَذُوقُواْ الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ

شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كافىر بولدۇڭلارمۇ؟ كافىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار».

وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللّهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ





ئۇ اللهنىڭ ئايەتلىرىدۇر، ئۇلارنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا راست ئوقۇپ بېرىمىز، الله جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ. (104 ـ 107 ـ)

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَلَوْ آمَنَ أَهْلُ الْكِتَابِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم مِّنْهُمُ الْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ الْفَاسِقُونَ

(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇدىغان، اللهغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، ئۇلارنىڭ مۆئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر. (110 ـ)

لَيْسُواْ سَوَاء مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ أُمَّةٌ قَآئِمَةٌ يَتْلُونَ آيَاتِ اللّهِ آنَاء اللَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ

ئۇلار بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى اللهنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار.

يُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَأُوْلَئِكَ مِنَ الصَّالِحِينَ

ئۇلار اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر.

وَمَا يَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَلَن يُكْفَرُوْهُ وَاللّهُ عَلِيمٌ بِالْمُتَّقِينَ

ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ، الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. (113 ـ 115 ـ)

وَأَطِيعُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

وَسَارِعُواْ إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.

الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاء وَالضَّرَّاء وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ

تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ

تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، اللهنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ.

أُوْلَئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ

ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغفىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر، ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!. (132 ـ 136 ـ)

وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَنْ تَمُوتَ إِلاَّ بِإِذْنِ الله كِتَابًا مُّؤَجَّلاً وَمَن يُرِدْ ثَوَابَ الدُّنْيَا نُؤْتِهِ مِنْهَا وَمَن يُرِدْ ثَوَابَ الآخِرَةِ نُؤْتِهِ مِنْهَا وَسَنَجْزِي الشَّاكِرِينَ

ھېچ كىشى اللهنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ). كىمكى دۇنيا ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بېرىمىز، شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز.

وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُواْ لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَمَا ضَعُفُواْ وَمَا





اسْتَكَانُواْ وَاللّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ

نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار اللهنىڭ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ.

وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلاَّ أَن قَالُواْ ربَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ

ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى.

فَآتَاهُمُ اللّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الآخِرَةِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ

الله ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، الله ياخشىلىق قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ. (145 ـ 148 ـ)

وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ اللّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ

شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغفىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. (157 ـ)

وَلاَ تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاء عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ

الله يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللهنىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ).

فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُواْ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلاَّ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ

ئۇلار اللەنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.

يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ

ئۇلار اللە تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى اللەنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.

الَّذِينَ اسْتَجَابُواْ لِلّهِ وَالرَّسُولِ مِن بَعْدِ مَآ أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ لِلَّذِينَ أَحْسَنُواْ مِنْهُمْ وَاتَّقَواْ أَجْرٌ عَظِيمٌ

(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُواْ لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَاناً وَقَالُواْ حَسْبُنَا اللّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ

(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە اللە كۇپايە، اللە نېمىدېگەن ياخشى هامىي!» دېدى.

فَانقَلَبُواْ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَفَضْلٍ لَّمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُواْ رِضْوَانَ اللّهِ وَاللّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ

ئۇلار اللەنىڭ نېئمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، هېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. اللە ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.

إِنَّمَا ذَلِكُمُ الشَّيْطَانُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَاءهُ فَلاَ تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. 169 ـ 175 ـ )

كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ





فَقَدْ فَازَ وَما الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ مَتَاعُ الْغُرُورِ

هەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دەۋزەختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەهرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ).

لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّذِينَ أَشْرَكُواْ أَذًى كَثِيرًا وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الأُمُورِ

سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەهۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە هەرىكىتىڭلاردا اللەدىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ هەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. (185 ـ 186 ـ )

إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ

شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار.

الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

رَبَّنَا إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ

پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دەۋزەخكە كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ.

رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلإِيمَانِ أَنْ آمِنُواْ بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الأبْرَارِ

پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلار قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن.

رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيعَادَ

پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن».

فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لاَ أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى بَعْضُكُم مِّن بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخْرِجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُواْ وَقُتِلُواْ لأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ ثَوَابًا مِّن عِندِ اللّهِ وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ

ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى اللهنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەرزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغفىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اللهنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار. (190 ـ 195 ـ)

سۈرە نىسا





تِلْكَ حُدُودُ اللّهِ وَمَن يُطِعِ اللّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

ئەنە شۇلار (يەنى اللهنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) اللهنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشتۇر. (13 ـ)

وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَّهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلاًّ ظَلِيلاً

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز. (57 ـ)

وَمَن يُطِعِ اللّهَ وَالرَّسُولَ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاء وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا

كىملەركى اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللهنىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار.

ۋَلِكَ الْفَجَلُ مِنَ اللّهِ وَكَفَوْ بِاللّهِ نَلِيما

بۇ پەزل الله تەرىپىدىندۇر، الله (پەزل ـ ئېھسانغا تېگىشلىك بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر. (69 ـ 70 ـ)

لاَّ يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُوْلِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فَضَّلَ اللّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلاًّ وَعَدَ اللّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا

مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار

بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى.

دَرَجَاتٍ مِّنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا

الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغفىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (95 ـ 96 ـ)

وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا وَعْدَ اللّهِ حَقًّا وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ اللّهِ قِيلاً

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. اللەنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، اللەدىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى اللەدىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى بولمايدۇ).

لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَن يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلاَ يَجِدْ لَهُ مِن دُونِ اللّهِ وَلِيًّا وَلاَ نَصِيرًا

(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللەدىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

وَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتَ مِن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُوْلَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلاَ يُظْلَمُونَ نَقِيرًا

ئەر ـ ئاياللاردىن مۇئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ).





وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لله وَهُوَ مُحْسِنٌ واتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَاتَّخَذَ اللّهُ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلاً

ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرغان (يەنى اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنى جەھەتتە ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ الله ئىبراھىمنى دوست تۇتتى.

وَلّلهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَكَانَ اللّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ مُّحِيطًا

ئاسمانلاردىكى،زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭدۇر (يەنى اللەنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىلىرىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر).الله ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر. (122 ـ 126 ـ)

إِلاَّ الَّذِينَ تَابُواْ وَأَصْلَحُواْ وَاعْتَصَمُواْ بِاللّهِ وَأَخْلَصُواْ دِينَهُمْ لِلّهِ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ وَسَوْفَ يُؤْتِ اللّهُ الْمُؤْمِنِينَ أَجْرًا عَظِيمًا

پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، الله (نىڭ كىتابى) غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى الله ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۇئمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا) دۇر. الله مۇئمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. (146 ـ)

لَّكِنِ الرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ مِنْهُمْ وَالْمُؤْمِنُونَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَالْمُقِيمِينَ الصَّلاَةَ وَالْمُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَالْمُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ أُوْلَئِكَ سَنُؤْتِيهِمْ أَجْرًا عَظِيمًا

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، سەندىن ئىلگىرى (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۇئمىنلەرگە، نامازنى ئۆتىگۈچىلەرگە، زاكات بەرگۈچىلەرگە، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا (جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت) كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز. (162 ـ)

فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ بِاللّهِ وَاعْتَصَمُواْ بِهِ فَسَيُدْخِلُهُمْ فِي رَحْمَةٍ مِّنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ صِرَاطًا مُّسْتَقِيمًا

ﷲغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئانغا) چىڭ يېپىشقانلارغا كەلسەك، ﷲ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ۋە نېئمىتىگە (يەنى جەننىتىگە) داخىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ. (سۈرە نىسائ 175 ـ ئايەت)

وَلَقَدْ أَخَذَ اللّهُ مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَآئِيلَ وَبَعَثْنَا مِنهُمُ اثْنَيْ عَشَرَ نَقِيبًا وَقَالَ اللّهُ إِنِّي مَعَكُمْ لَئِنْ أَقَمْتُمُ الصَّلاَةَ وَآتَيْتُمُ الزَّكَاةَ وَآمَنتُم بِرُسُلِي وَعَزَّرْتُمُوهُمْ وَأَقْرَضْتُمُ اللّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَلأُدْخِلَنَّكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ فَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاء السَّبِيلِ

شۈبھىسىزكى، ﷲ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە ﷲ :«مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ﷲ بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلارۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ﷲغا قەرزي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى ﷲنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ»دېدى. (سۈرە مائىدە 12 ـ)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ

ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ﷲ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ﷲ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ﷲنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كافىرلارغا شەپقەتسىز، ﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ﷲنىڭ پەزلىدۇركى، ﷲ ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ﷲ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ﷲ





ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ اللّهُ وَرَسُولُهُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُمْ رَاكِعُونَ

شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ﷲدۇر، ﷲنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (ﷲنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. (54 ـ 55 ـ)

وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْكِتَابِ آمَنُواْ وَاتَّقَوْاْ لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأَدْخَلْنَاهُمْ جَنَّاتِ النَّعِيمِ

ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلارۋە ناسارالار) (ﷲغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقي) ئىمان ئېيتسا ۋە (ﷲ چەكلىگەن ئىشلاردىن) پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىزچوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق. (مائىدە 65 ـ)

وَإِذَا سَمِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَى الرَّسُولِ تَرَى أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ الْحَقِّ يَقُولُونَ رَبَّنَا آمَنَّا فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِينَ

ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن.

وَمَا لَنَا لاَ نُؤْمِنُ بِاللّهِ وَمَا جَاءنَا مِنَ الْحَقِّ وَنَطْمَعُ أَن يُدْخِلَنَا رَبَّنَا مَعَ الْقَوْمِ الصَّالِحِينَ

بىز نېمىشقا ﷲغا، بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ھالبۇكى، بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

فَأَثَابَهُمُ اللّهُ بِمَا قَالُواْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ جَزَاء الْمُحْسِنِينَ

بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ﷲ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەنە شۇ. (83 ـ 85 ـ)

وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَلَلدَّارُ الآخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ

دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلارئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟

(سۈرە ئەنئام 32 ـ ئايەت)

فَمَن يُرِدِ اللّهُ أَن يَهْدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلإِسْلاَمِ وَمَن يُرِدْ أَن يُضِلَّهُ يَجْعَلْ صَدْرَهُ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي السَّمَاء كَذَلِكَ يَجْعَلُ اللّهُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ

اللہ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا،ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اللہ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ،ئىمان ئېيتمىغانلارنى اللہ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.

وَهَذَا صِرَاطُ رَبِّكَ مُسْتَقِيمًا قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ

بۇ (يەنى ئىسلام دىنى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر،ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

لَهُمْ دَارُ السَّلاَمِ عِندَ رَبِّهِمْ وَهُوَ وَلِيُّهُمْ بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ

پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارۇسسالام (يەنى جەننەت) بار، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن اللہ ئۇلارغا مەددەتكاردۇر. (125 ـ 127)

وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ لاَ نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلاَّ وُسْعَهَا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ كىشىنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز ـ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە ھەمىشە قالىدۇ.

وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الأَنْهَارُ وَقَالُواْ الْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِيَ لَوْلا أَنْ هَدَانَا اللّهُ لَقَدْ جَاءتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِالْحَقِّ وَنُودُواْ أَن تِلْكُمُ الْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا





كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلىدۇق (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىق ـ ئاداۋەت بولمايدۇ).ئۇلارنىڭ (سارايلىرى) ئاستىدىن (جەننەتنىڭ) ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېئمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن اللہغا بولسۇنكى، اللہ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ،ئۇلارغا:«قىلغان ئەمەلىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ). (سۈرە ئەئراف 42 ـ 43 ـ)

وَالَّذِينَ عَمِلُواْ السَّيِّئَاتِ ثُمَّ تَابُواْ مِن بَعْدِهَا وَآمَنُواْ إِنَّ رَبَّكَ مِن بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ

يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىماندا سەممىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ. (153 ـ)

الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُم بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلاَلَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُواْ بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُواْ النُّورَ الَّذِيَ أُنزِلَ مَعَهُ أُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۇ زئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ،يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ،ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ،ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ،ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ،ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق،كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (سۈرە ئەئراف 157 ـ)

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى

رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ

پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللهنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر.

الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ

ئۇلار مۇكەممەل (رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ.

أُوْلَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَّهُمْ دَرَجَاتٌ عِندَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ

ئەنە شۇلار ھەقىقى مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغفىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نىئمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ. (سۈرە ئەنفال 2 ـ 4 ـ)

وَاعْلَمُواْ أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلاَدُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ اللّهَ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ

بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، اللهنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار.

يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إَن تَتَّقُواْ اللّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَاناً وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ

ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر اللهدىن قورقساڭلار، الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ. الله كاتتا پەزىل ئىگىسىدۇر. (28 ـ 29 ـ)

وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ آوَواْ وَّنَصَرُواْ أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَّهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ

ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) ـ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغفىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ.





وَالَّذِينَ آمَنُواْ مِن بَعْدُ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ مَعَكُمْ فَأُوْلَئِكَ مِنكُمْ وَأُوْلُواْ الأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ

كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. اللهنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، الله ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (سۈرە ئەنفال 74 ـ 75 ـ)

الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللّهِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ

ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ

پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نىئمەتكە ئېرىشىدۇ.

خَالِدِينَ فِيهَا وَّبَدا وِنَّ اللّهَ بِندَهُ وَّجرٌ نَئِيمٌ

ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللهنىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار. (سۈرە تۆبە 20 ـ 22 ـ)

وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ أُوْلَئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللّهُ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

مۇئمىن ئەرلەر،مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

وَعَدَ اللّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي

جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

الله مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) اللهنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر. (71 ـ 72 ـ)

لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ جَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ وَأُوْلَئِكَ لَهُمُ الْخَيْرَاتُ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

أَعَدَّ اللّهُ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى.ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر. (88 ـ 89 ـ)

وَالسَّابِقُونَ الأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالأَنصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُم بِإِحْسَانٍ رَّضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى. ئۇلارمۇ اللهدىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر. (100 ـ)

إِنَّ اللّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللّهِ فَاسْتَبْشِرُواْ بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُم بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى





ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللهنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللهدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللهدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدونَ الآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنكَرِ وَالْحَافِظُونَ لِحُدُودِ اللّهِ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ

(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (اللهغا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى اللهنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. (سۈرە تۆبە 111 ـ 112 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ

شۈبھىسىزكى،ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ.

دَعْوَاهُمْ فِيهَا سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلاَمٌ وَآخِرُ دَعْوَاهُمْ أَنِ الْحَمْدُ لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دەۋزەخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهغا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. (سۈرە يۇنۇس 9 ـ 10 ـ)

وَاللّهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلاَمِ وَيَهْدِي مَن يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

الله (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان

**ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ.**

لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ وَلاَ يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلاَ ذِلَّةٌ أُوْلَـئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

**ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللهنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. (25 ـ 26 ـ)**

أَلا إِنَّ أَوْلِيَاء اللّهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ

**راستلا اللهنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللهنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر.**

الَّذِينَ آمَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ

**ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر.**

لَهُمُ الْبُشْرَى فِي الْحَياةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ لاَ تَبْدِيلَ لِكَلِمَاتِ اللّهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، اللهنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر. (سۈرە يۇنۇس 62 ـ 64)**

إِلاَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ

**پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان، (نېئمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشىلاردۇر). ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. (سۈرە ھۇد 11 ـ)**

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ وَأَخْبَتُواْ إِلَى رَبِّهِمْ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

**شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرگەنلەر ـ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. (23 ـ)**



جەننەت يولى

وَأَمَّا الَّذِينَ سُعِدُواْ فَفِي الْجَنَّةِ خَالِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ إِلاَّ مَا شَاء رَبُّكَ عَطَاء غَيْرَ مَجْذُوذٍ

**سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يۇقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر. (108 ـ)**

وَإِنَّ كُلاًّ لَّمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمْ رَبُّكَ أَعْمَالَهُمْ إِنَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ خَبِيرٌ

**پەرۋەردىگارىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ. الله ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.**

فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلاَ تَطْغَوْاْ إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ

**(ئى مۇھەممەد!) الله سېنى بۇيرۇغانىدەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) اللهنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.**

وَلاَ تَرْكَنُواْ إِلَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللّهِ مِنْ أَوْلِيَاء ثُمَّ لاَ تُنصَرُونَ

**زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە اللەدىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.**

وَأَقِمِ الصَّلاَةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ذَلِكَ ذِكْرَى لِلذَّاكِرِينَ

**كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.**

وَاصْبِرْ فَإِنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ

**(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن،الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. (سۈرە ھۇد 111 ـ دىن 115 ـ كىچە)**

قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَاْ وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللّهِ وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشلەرنى) اللّٰهغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. اللّٰه پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».

وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ إِلاَّ رِجَالاً نُّوحِي إِلَيْهِم مِّنْ أَهْلِ الْقُرَى أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَدَارُ الآخِرَةِ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ اتَّقَواْ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ

بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھى قىلدۇق. ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەريۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر. (سۈرە يۈسۈف 108 ـ 109 ـ)

لِلَّذِينَ اسْتَجَابُواْ لِرَبِّهِمُ الْحُسْنَى وَالَّذِينَ لَمْ يَسْتَجِيبُواْ لَهُ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا فِي الأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُ مَعَهُ لاَفْتَدَوْاْ بِهِ أُوْلَئِكَ لَهُمْ سُوءُ الْحِسَابِ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمِهَادُ

اللّٰهنىڭ (ئىمانغا قىلغان دەۋىتىنى) قوبۇل قىلغانلارغا ئەڭ ئوبدان مۇكاپات بېرىلىدۇ، قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مال ـ مۈلۈك، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان مال ـ مۈلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە اللّٰهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە، ئۇنى پىدا قىلغان بولاتتى. ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!.

أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ

(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللّٰهنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ.

الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ

ئۇلار اللّٰهنىڭ ئەھدىگە (يەنى اللّٰه تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن





ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ.

وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الحِسَابِ

ئۇلار اللّٰهنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالىرىغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللّٰهدىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ.

وَالَّذِينَ صَبَرُواْ ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً وَيَدْرَؤُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ

پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (اللّٰه يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.

جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ

ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ.

سَلاَمٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ

(پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ.

(سۈرە رەئدە 18 ـ دىن 24 ـ كىچە)

الَّذِينَ آمَنُواْ وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكْرِ اللّهِ أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ

(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللّٰهنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللّٰهنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.

الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ طُوبَى لَهُمْ وَحُسْنُ مَآبٍ

**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىقتا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. (28 ـ 29 ـ)**

مَّثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ أُكُلُهَا دَآئِمٌ وِظِلُّهَا تِلْكَ عُقْبَى الَّذِينَ اتَّقَواْ وَّعُقْبَى الْكَافِرِينَ النَّارُ

**تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايى دوزاختۇر.**

وَالَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَفْرَحُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمِنَ الأَحْزَابِ مَن يُنكِرُ بَعْضَهُ قُلْ إِنَّمَا أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللّهَ وَلا أُشْرِكَ بِهِ إِلَيْهِ أَدْعُو وَإِلَيْهِ مَآبِ

**(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتاب (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىل) نازىل قىلغانلار (يەنى ئابدۇللا ئىبنى سالام نەجاشىغا ئوخشاشلار) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) دىن شاتلىنىدۇ. (ساڭا قارشى) ئىتتىپاق تۈزۈۋەنلەرنىڭ ئارىسىدا (ھەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ گەدەنكەشلىكتىن) قۇرئاننىڭ بەزى (جايلىرىنى) ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار. (ئى مۇھەممەد!) «مەن پەقەت (يالغۇز) اﷲغىلا ئىبادەت قىلىشقا، اﷲغا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، (ئىنسانلارنى) اﷲغا ئىبادەت قىلىشقىلا دەۋەت قىلىمەن، اﷲنىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگىن. (35 ـ 36 ـ)**

وَأُدْخِلَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِمْ تَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلاَمٌ

**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ) سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، دەپ سالام بېرىدۇ. (سۈرە ئىبراھىم 23 ـ ئايەت)**

إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ



جەننەت يولى

**تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (ئاخىرەتتە ياپېشىل) باغۇ ـ بوستانلاردىن، (سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.**

ادْخُلُوهَا بِسَلاَمٍ آمِنِينَ

**(ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ.**

وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ

**ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.**

لاَ يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ

**جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرۋېتىلمەيدۇ.**

نَبِّىءْ عِبَادِي أَنِّي أَنَا الْغَفُورُ الرَّحِيمُ

**(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۇئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. (سۈرە ھىجر 45 ـ 49 ـ)**

وَقِيلَ لِلَّذِينَ اتَّقَوْاْ مَاذَا أَنزَلَ رَبُّكُمْ قَالُواْ خَيْرًا لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ فِي هَذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةٌ وَلَدَارُ الآخِرَةِ خَيْرٌ وَلَنِعْمَ دَارُ الْمُتَّقِينَ

**تەقۋادارلارغا: «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!.**

جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ لَهُمْ فِيهَا مَا يَشَآؤُونَ كَذَلِكَ يَجْزِي اللّهُ الْمُتَّقِينَ

**ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئەدنى جەننەتلىرىگە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ، اﷲ تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ.**

الَّذِينَ تَتَوَفَّاهُمُ الْمَلآئِكَةُ طَيِّبِينَ يَقُولُونَ سَلامٌ عَلَيْكُمُ ادْخُلُواْ الْجَنَّةَ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

ئۇلار مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى رۇھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ. (سۈرە نەھلە 30 ـ 32)

إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَيْءٍ إِذَا أَرَدْنَاهُ أَن نَّقُولَ لَهُ كُن فَيَكُونُ

بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا:«ۋۇجۇتقا كەل»دەيمىز ـ دە،ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

وَالَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي اللّهِ مِن بَعْدِ مَا ظُلِمُواْ لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَلَأَجْرُ الآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ

زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىدىن كېيىن الله يولىدا ھجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر.

الَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ

ئۇلار (ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلدى،ئۇلار (ھەممە ئىشتا) پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدۇ (يەنى يۆلىنىدۇ). (40 ـ 42 ـ)

إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا

بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ. (سۈرە بەنى ئىسرائىل 9 ـ)

وَمَنْ أَرَادَ الآخِرَةَ وَسَعَى لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا

كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اللهنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ.

كُلاًّ نُّمِدُّ هَؤُلاء وَهَؤُلاء مِنْ عَطَاء رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاء رَبِّكَ مَحْظُورًا

بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن





بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ. (19 ـ 20)

الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَنزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُ عِوَجَا

جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللهغا خاستۇركى، (الله ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئوبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى.

قَيِّمًا لِّيُنذِرَ بَأْسًا شَدِيدًا مِن لَّدُنْهُ وَيُبَشِّرَ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا حَسَنًا

جىمى ھەمدۇسانا اللهغا خاستۇركى، (الله ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئوبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى.

مَاكِثِينَ فِيهِ أَبَدًا

ئۇلار (يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەر) جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. (سۈرە كەھف 1 ـ 3 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرۋەتمەيمىز.

أُوْلَئِكَ لَهُمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِّن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ نِعْمَ الثَّوَابُ وَحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا

ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ،

نىپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل جاي! (30 ـ 31 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ.

خَالِدِينَ فِيهَا لَا يَبْغُونَ عَنْهَا حِوَلًا

ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ. (سۈرە كەھف 107 ـ 108 ـ)

إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ شَيْئًا

تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدَ الرَّحْمَنُ عِبَادَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّهُ كَانَ وَعْدُهُ مَأْتِيًّا

ئۇ دائىمى تۇرالغۇ بولغان، مەرھەمەتلىك اللهنىڭ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلىنغان، ئۇلار كۆرمەي تۇرۇپ (ئىشەنگەن) جەننەتلەردۇر. اللهنىڭ (جەننەت بىلەن قىلغان) ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا إِلَّا سَلَامًا وَلَهُمْ رِزْقُهُمْ فِيهَا بُكْرَةً وَعَشِيًّا

ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ، پەقەت (پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) سالامىنىلا ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن) رىزقىقا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ.

تِلْكَ الْجَنَّةُ الَّتِي نُورِثُ مِنْ عِبَادِنَا مَن كَانَ تَقِيًّا

بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ. (سۈرە مەريەم 60 ـ 63 ـ)





وَيَزِيدُ اللَّهُ الَّذِينَ اهْتَدَوْا هُدًى وَالْبَاقِيَاتُ الصَّالِحَاتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ مَّرَدًّا

الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ، باقىي قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر ساۋاب جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئارتۇقتۇر. (76 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن الله ھەققەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. (سۈرە مەريەم 96 ـ)

وَمَنْ يَأْتِهِ مُؤْمِنًا قَدْ عَمِلَ الصَّالِحَاتِ فَأُولَئِكَ لَهُمُ الدَّرَجَاتُ الْعُلَى

كىمكى مۇئمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا اللهغا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (اللهنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.

جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ جَزَاء مَن تَزَكَّى

ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. (سۈرە تاھا 75 ـ 76 ـ)

وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا لَا نَسْأَلُكَ رِزْقًا نَّحْنُ نَرْزُقُكَ وَالْعَاقِبَةُ لِلتَّقْوَى

(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر. (132 ـ)

فَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَا كُفْرَانَ لِسَعْيِهِ وَإِنَّا لَهُ كَاتِبُونَ

كىمكى مۇئمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايا كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىنى (يەنى نامە ـ ئەمالىنى) چوقۇم خاتىرىلەپ قويىمىز. (سۈرە ئەنبىيا 94 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ سَبَقَتْ لَهُم مِّنَّا الْحُسْنَى أُولَئِكَ عَنْهَا مُبْعَدُونَ

بىز تەرەپتىن بىرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ـ ئىبادەتكە تەۋفىق بېرىلىپ توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دەۋزەختىن يىراق قىلىنىدۇ.

لَا يَسْمَعُونَ حَسِيسَهَا وَهُمْ فِي مَا اشْتَهَتْ أَنفُسُهُمْ خَالِدُونَ

ئۇلار دەۋزەخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇ ـ نېئمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

لَا يَحْزُنُهُمُ الْفَزَعُ الْأَكْبَرُ وَتَتَلَقَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ هَذَا يَوْمُكُمُ الَّذِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ

چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «اللہ سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ. (سۈرە ئەنبىيا 101 ـ 103 ـ)

إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ

شۈبھىسىزكى، اللہ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. اللہ ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى خالىغان ئادەمگە ساۋاب بېرىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ). (سۈرە ھەج 14 ـ)

إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤًا وَلِبَاسُهُمْ فِيهَا حَرِيرٌ

اللہ ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بويۇملىرى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ.

وَهُدُوا إِلَى الطَّيِّبِ مِنَ الْقَوْلِ وَهُدُوا إِلَى صِرَاطِ الْحَمِيدِ

ئۇلار ياخشى سۆزگە (يەنى كەلىمە تەۋھىدكە) ھىدايەت قىلىنىدى، اللہنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىنىدى. (23 ـ 24 ـ)





فَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ

ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەغفىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. (50 ـ)

وَلِيَعْلَمَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَيُؤْمِنُوا بِهِ فَتُخْبِتَ لَهُ قُلُوبُهُمْ وَإِنَّ اللَّهَ لَهَادِ الَّذِينَ آمَنُوا إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

(اللہتائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشلىرى، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر. اللہ مۇئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر. (54 ـ)

الْمُلْكُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ

بۇ كۈندە پادىشاھلىق (يالغۇز) اللہغا خاستۇر، اللہ بەندىلەر ئارىسىدا (ئادىل) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (تۈرلۈك) نازۇ ـ نېئمەتلەر بار جەننەتلەردە بولىدۇ. (56 ـ)

وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوا أَوْ مَاتُوا لَيَرْزُقَنَّهُمُ اللَّهُ رِزْقًا حَسَنًا وَإِنَّ اللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ

اللہنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە اللہ چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز اللہدۇر.

لَيُدْخِلَنَّهُم مُّدْخَلًا يَرْضَوْنَهُ وَإِنَّ اللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٌ

اللہ ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ. اللہ ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). (سۈرە ھەج 58 ـ 59 ـ)

قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ

مۆئمىنلەر ھەققەتەن بەختكە ئېرىشتى.

الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ

(شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ

ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ

ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ

ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر.

إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ

(يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ).

فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ

بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ

ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ

ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ـ ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر.

أُوْلَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ



جەننەت يولى

ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە مۆئمىنلەر نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر.

الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ. (سۈرە مۆئمىنۇن 1 ـ دىن 11 ـ كىچە)

إِنَّ الَّذِينَ هُم مِّنْ خَشْيَةِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ

ھەققەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر

وَالَّذِينَ هُم بِآيَاتِ رَبِّهِمْ يُؤْمِنُونَ

پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچى كىشىلەر

وَالَّذِينَ هُم بِرَبِّهِمْ لَا يُشْرِكُونَ

پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر

وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوا وَّقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ

سەدىقە بېرىدىغان، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر ـــ

أُوْلَئِكَ يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَهُمْ لَهَا سَابِقُونَ

ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر. (مۆئمىنۇن 57 ـ 61 ـ)

إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

(پەيغەمبەر) مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ

اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان اللهدىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (سۈرە نۇر 51 ـ 52 ـ)

وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ

الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۇچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كافىر بولغانلار اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. (سۈرە نۇر 55 ـ 56 ـ)

قُلْ أَذَلِكَ خَيْرٌ أَمْ جَنَّةُ الْخُلْدِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ كَانَتْ لَهُمْ جَزَاء وَمَصِيرًا

ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شۇ (دەۋزەخ) ياخشىمۇ يا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، (كىرگەن كىشى) مەڭگۈ قالىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايىدۇر.

لَهُمْ فِيهَا مَا يَشَاؤُونَ خَالِدِينَ كَانَ عَلَى رَبِّكَ وَعْدًا مَسْؤُولًا

ئۇلار جەننەت خالىغان نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ، پەرۋەردىگارىڭدىن ئىشقا ئاشۇرۇش تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر. (سۈرە فۇرقان 16 ـ)

أَصْحَابُ الْجَنَّةِ يَوْمَئِذٍ خَيْرٌ مُّسْتَقَرًّا وَأَحْسَنُ مَقِيلًا

ئەھلى جەننەت بۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ. (سۈرە فۇرقان 24 ـ)





وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا

مەرھەمەتلىك اللهنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ).

وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا

ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ.

وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا

ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن ئايرىلمايدۇ).

إِنَّهَا سَاءتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا

جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر».

وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا

ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ.

وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا

ئۇلار اللهغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.

يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا

قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە

خارلانغان هالدا قالىدۇ.

إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا

پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ هالدا قالمايدۇ. الله ئۇلارنىڭ گۇناهلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. الله تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.

وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا

كىمكى (گۇناهلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ اللهغا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ).

وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا

ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاهلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجاناپلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا

ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ).

وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا

ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ.

أُوْلَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلَامًا

ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.





خَالِدِينَ فِيهَا حَسُنَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا

ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!.

قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ فَقَدْ كَذَّبْتُمْ فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًا

ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، (ئى كافىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار، (ئاخىرەتتە سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولىسىلەر». (سۈرە فۇرقان 63 ـ دىن ئاخىرغىچە)

الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ

ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى هىدايەت قىلىدۇ.

وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ

ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ

ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ.

وَالَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ

ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ.

وَالَّذِي أَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ

قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغفىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ

پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ـ هېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن.

وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ

كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن.

وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ

مېنى نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن.

وَاغْفِرْ لِأَبِي إِنَّهُ كَانَ مِنَ الضَّالِّينَ

ئاتامغا مەغفىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى.

وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ

ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن.

يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ

ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ

پەقەت (اللەنىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ».

وَأُزْلِفَتِ الْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ

جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. (سۈرە شۇئەرائ 78 ـ دىن90 ـ غىچە)

طس تِلْكَ آيَاتُ الْقُرْآنِ وَكِتَابٍ مُّبِينٍ

تا، سىن. بۇ قۇرئاننىڭ ۋە روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

هُدًى وَبُشْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ

مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە خۇش خەۋەردۇر.

الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُم بِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ

(شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدۇ. (سۈرە نەمله 1 ـ 3 ـ)





وَيَوْمَ يُنفَخُ فِي الصُّورِ فَفَزِعَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاء اللَّهُ وَكُلٌّ أَتَوْهُ دَاخِرِينَ

ئۇ كۈندە سۇر چېلىنىدۇ، الله خالىغانلاردىن (يەنى پەرىشتىلەر، پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەردىن) باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەممە اللهغا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ.

وَتَرَى الْجِبَالَ تَحْسَبُهَا جَامِدَةً وَهِيَ تَمُرُّ مَرَّ السَّحَابِ صُنْعَ اللَّهِ الَّذِي أَتْقَنَ كُلَّ شَيْءٍ إِنَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَفْعَلُونَ

تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان اللەنىڭ ھۈنىرىدۇر، الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

مَن جَاء بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ خَيْرٌ مِّنْهَا وَهُم مِّن فَزَعٍ يَوْمَئِذٍ آمِنُونَ

ياخشى ئىش قىلغانلار قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ. (سۈرە نەمله 87 ـ 89 ـ)

فَأَمَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَعَسَى أَن يَكُونَ مِنَ الْمُفْلِحِينَ

تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر. (سۈرە قەسەس 67 ـ)

وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ اللَّهِ خَيْرٌ لِّمَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا وَلَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الصَّابِرُونَ

ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە اللەنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى.

فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُ مِن فِئَةٍ يَنصُرُونَهُ مِن دُونِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنتَصِرِينَ

قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى.

وَأَصْبَحَ الَّذِينَ تَمَنَّوْا مَكَانَهُ بِالْأَمْسِ يَقُولُونَ وَيْكَأَنَّ اللَّهَ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ

وَيَقْدِرُ لَوْلَا أَن مَّنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا لَخَسَفَ بِنَا وَيْكَأَنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ

**تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى، «پاھ، كۆردۈڭمۇ؟ اﷲ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن، اﷲ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئارزۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى، ۋاي كۆرۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ».**

تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ

**ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.**

مَن جَاء بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ خَيْرٌ مِّنْهَا وَمَن جَاء بِالسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى الَّذِينَ عَمِلُوا السَّيِّئَاتِ إِلَّا مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

**كىمكى ياخشى ئىش قىلغان ئىكەن، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدىنمۇ ياخشى مۇكاپاتقا (يەنى قىلغان ياخشىلىقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا) ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئىش قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ. (سۈرە 80 ـ 84 ـ)**

أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ

**ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قۇيۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟**

وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ

**ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، اﷲ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.**

أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ أَن يَسْبِقُونَا سَاء مَا يَحْكُمُونَ

**يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى نېمىدېگەن يامان!**





مَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء اللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ اللَّهِ لَآتٍ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

**كىمكى اﷲغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) اﷲنىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، اﷲ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**

وَمَن جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ إِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ

**كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، اﷲ ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.**

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَنُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَحْسَنَ الَّذِي كَانُوا يَعْمَلُونَ

**شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىمىز، ئۇلارنى ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلايمىز.**

وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا وَإِن جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

**ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن.**

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَنُدْخِلَنَّهُمْ فِي الصَّالِحِينَ

**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز. (سۈرە ئەنكەبۇت 1 ـ دىن 9 ـ كىچە)**

يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ أَرْضِي وَاسِعَةٌ فَإِيَّايَ فَاعْبُدُونِ

**ئى مۇئمىن بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.**

كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ ثُمَّ إِلَيْنَا تُرْجَعُونَ

ھەربىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلۇسىلەر.

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ الْجَنَّةِ غُرَفًا تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا نِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى جەننەتنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى!.

الَّذِينَ صَبَرُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ

ئۇلار (ھىجرەت قىلىشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە، اللّٰهنىڭ يولىدا يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە) سەۋر قىلىدۇ، (ھەممە ئىشلىرىدا) پەرۋەردىگارىغا يۆلىنىدۇ. (سۈرە ئەنكەبۇت 65 ـ 59 ـ كىچە)

وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ يَوْمَئِذٍ يَتَفَرَّقُونَ

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۇئمىنلەر بىلەن كافىرلار) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَهُمْ فِي رَوْضَةٍ يُحْبَرُونَ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار باغچىدا (يەنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا) يايرىتىلىدۇ. (سۈرە رۇم 14 ـ 15 ـ)

فَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ ذَلِكَ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (سىلە ـ رەھىم ۋە ياخشىلىقتىن تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن، اللّٰهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر،ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (38)

تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ الْحَكِيمِ





بۇ، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

هُدًى وَرَحْمَةً لِّلْمُحْسِنِينَ

(ئۇ) (تەئدىل ئەركان بىلەن) ناماز ئوقۇيدىغان، (اللّٰهنىڭ رىزاسىنى تىلەش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن) زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدىغان ياخشى ئىش قىلغۇچى كىشىلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.

الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُم بِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ

(ئۇ) (تەئدىل ئەركان بىلەن) ناماز ئوقۇيدىغان، (اللّٰهنىڭ رىزاسىنى تىلەش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن) زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدىغان ياخشى ئىش قىلغۇچى كىشىلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.

أُوْلَئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

ئاشۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَمِنَ النَّاسِ مَن يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ

بەزى كىشىلەر بىلمەسلىكتىن، (كىشىلەرنى) اللّٰهنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بەھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە اللّٰهنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا وَلَّى مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِي أُذُنَيْهِ وَقْرًا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ

ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك (اللّٰهنىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُمْ جَنَّاتُ النَّعِيمِ

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىدۇ.

خَالِدِينَ فِيهَا وَعْدَ اللَّهِ حَقًّا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

ئۇ جەننەتلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ اللهنىڭ راست ۋەدىسىدۇر (الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ)، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە لوقمان 2 ـ دىن 9 ـ كىچە)

وَمَن يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى اللَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ

ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن اللهغا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللهغا مەنسۇپتۇر. (22 ـ)

تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ

ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ.

فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

أَفَمَن كَانَ مُؤْمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًا لَّا يَسْتَوُونَ

مۇئمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس.

أَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ جَنَّاتُ الْمَأْوَى نُزُلًا بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ، (ئۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان جايدۇر. (سۈرە سەجدە 16 ـ 19 ـ قىچە)

مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا





مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) اللهغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولىدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.

لِيَجْزِيَ اللَّهُ الصَّادِقِينَ بِصِدْقِهِمْ وَيُعَذِّبَ الْمُنَافِقِينَ إِن شَاءَ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا

الله راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ، مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ) ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (سۈرە ئەھزاب 23 ـ 24)

إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ وَالْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْقَانِتِينَ وَالْقَانِتَاتِ وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ وَالصَّابِرِينَ وَالصَّابِرَاتِ وَالْخَاشِعِينَ وَالْخَاشِعَاتِ وَالْمُتَصَدِّقِينَ وَالْمُتَصَدِّقَاتِ وَالصَّائِمِينَ وَالصَّائِمَاتِ وَالْحَافِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَالْحَافِظَاتِ وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا

مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەفسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەفسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، اللهنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە اللهنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا

الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال

مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ. (سۈرە ئەھزاب 35 ـ 36 ـ)

لِيَجْزِيَ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ

(ئۇلارنىڭ لەۋھۇلمەھفۇزدا خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇلار مەغفىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ.

وَمَا أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُم بِالَّتِي تُقَرِّبُكُمْ عِندَنَا زُلْفَى إِلَّا مَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ لَهُمْ جَزَاء الضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا وَهُمْ فِي الْغُرُفَاتِ آمِنُونَ

ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ. (سۈرە سەبئە 4 ـ 37 ـ)

يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ

ئى ئىنسانلار! اللەنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى اللەنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشقا يول قويماڭلار.

إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ

شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دەۋزەختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

الَّذِينَ كَفَرُوا لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ

كافىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەغفىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (سۈرە فاتىر 5 ـ 7 ـ گىچە)

ثُمَّ أَوْرَثْنَا الْكِتَابَ الَّذِينَ اصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِ وَمِنْهُم مُّقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ





بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللَّهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَضْلُ الْكَبِيرُ

ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللەنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر.

جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤًا وَلِبَاسُهُمْ فِيهَا حَرِيرٌ

ئۇلار ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ.

وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَذْهَبَ عَنَّا الْحَزَنَ إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٌ شَكُورٌ

ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن اللەغا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

الَّذِي أَحَلَّنَا دَارَ الْمُقَامَةِ مِن فَضْلِهِ لَا يَمَسُّنَا فِيهَا نَصَبٌ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٌ

اللە مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز». (سۈرە فاتىر 32 ـ 35 ـ)

إِنَّمَا تُنذِرُ مَنِ اتَّبَعَ الذِّكْرَ وَخَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ فَبَشِّرْهُ بِمَغْفِرَةٍ وَأَجْرٍ كَرِيمٍ

سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك اللەنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن (يەنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنىڭ پايدىسى بولىدۇ)، ئۇنىڭغا (اللەنىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى) مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئېسىل ساۋاب (يەنى جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. (سۈرە ياسىن 11 ـ)

وَمَا لِي لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ

مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان اللەغا ئىبادەت قىلماي؟.

أَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِ آلِهَةً إِن يُرِدْنِ الرَّحْمَن بِضُرٍّ لاَّ تُغْنِ عَنِّي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا وَلاَ يُنقِذُونِ

مەن اللهدىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان الله ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ.

إِنِّي إِذًا لَّفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ

ئەگەر ئۇنداق بولسا (يەنى اللهدىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن.

إِنِّي آمَنتُ بِرَبِّكُمْ فَاسْمَعُونِ

مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)».

قِيلَ ادْخُلِ الْجَنَّةَ قَالَ يَا لَيْتَ قَوْمِي يَعْلَمُونَ

(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى، قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغفىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى» دېدى.

بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُكْرَمِينَ

(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ:«كاشكى،قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغفىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى»دېدى. (22 ـ دىن27 ـ گىچە)

إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ

پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھوزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.

فَالْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.

إِنَّ أَصْحَابَ الْجَنَّةِ الْيَوْمَ فِي شُغُلٍ فَاكِهُونَ





شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېئمەت ئىچىدىدۇر.

هُمْ وَأَزْوَاجُهُمْ فِي ظِلَالٍ عَلَى الْأَرَائِكِ مُتَّكِؤُونَ

ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ.

لَهُمْ فِيهَا فَاكِهَةٌ وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ

ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (ئۇلارنىڭ) كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ.

سَلَامٌ قَوْلًا مِن رَّبٍّ رَّحِيمٍ

مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ. (ياسىن55 ـ 58 ـ كىچە)

إِلَّا عِبَادَ اللَّهِ الْمُخْلَصِينَ

پەقەت اللهنىڭ سادىق بەندىلىرىلا جازاغاتارتىلمايدۇ.

أُوْلَئِكَ لَهُمْ رِزْقٌ مَّعْلُومٌ

ئۇلار مەلۇم رىزقتىن (يەنى تۈرلۈك مېۋىلەردىن) بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ.

فَوَاكِهُ وَهُم مُّكْرَمُونَ

ئۇلار مەلۇم رىزقتىن (يەنى تۈرلۈك مېۋىلەردىن) بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ.

فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ

ئۇلار نازۇنېئمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ،

عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ

ئۇلار نازۇنېئمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ

ئولتۇرىدۇ،

يُطَافُ عَلَيْهِم بِكَأْسٍ مِن مَّعِينٍ

ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

بَيْضَاءَ لَذَّةٍ لِّلشَّارِبِينَ

ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

لَا فِيهَا غَوْلٌ وَلَا هُمْ عَنْهَا يُنزَفُونَ

ئۇنىڭدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ.

وَعِندَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ عِينٌ

ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ.

كَأَنَّهُنَّ بَيْضٌ مَّكْنُونٌ

ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ.

فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَاءَلُونَ

ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سىلىشىدۇ. (سۈرە سافغات 40 ـ دىن 50 ـ گىچە)

إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېئمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر.

لِمِثْلِ هَٰذَا فَلْيَعْمَلِ الْعَامِلُونَ

ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن». (سۈرە





سافغات 60 ـ 61 ـ )

هَٰذَا ذِكْرٌ وَإِنَّ لِلْمُتَّقِينَ لَحُسْنَ مَآبٍ

بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر، تەقۋادارلارغا ئەلۋەتتە ياخشى ئاقىۋەت بار.

جَنَّاتِ عَدْنٍ مُّفَتَّحَةً لَّهُمُ الْأَبْوَابُ

(ئۇ) تورالغۇ بولغان جەننەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇقتۇر.

مُتَّكِئِينَ فِيهَا يَدْعُونَ فِيهَا بِفَاكِهَةٍ كَثِيرَةٍ وَشَرَابٍ

ئۇلار جەننەتلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە نۇرغۇن مېۋىلەرنى، نۇرغۇن شارابلارنى تەلەپ قىلىپ (ئەكەلدۈرۈپ) تۇرىدۇ.

وَعِندَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ أَتْرَابٌ

ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپتىلىرى بولىدۇ.

هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِيَوْمِ الْحِسَابِ

بۇ سىلەرگە قىيامەت كۈنىدە ۋەدە قىلىنغان نېئمەتتۇر.

إِنَّ هَٰذَا لَرِزْقُنَا مَا لَهُ مِن نَّفَادٍ

بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاتايىمىزدۇركى، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. (سۈرە ساد 49 ـ دىن 55 ـ كىچە)

لَٰكِنِ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ لَهُمْ غُرَفٌ مِّن فَوْقِهَا غُرَفٌ مَّبْنِيَّةٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَعْدَ اللَّهِ لَا يُخْلِفُ اللَّهُ الْمِيعَادَ

لېكىن (دۇنيادا) پەرۋەردىگارىدىن قورققانلار (جەننەتتە) قەۋەت ـ قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، (بۇ) ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. (سۈرە زۇمەر 20 ـ)

وَالَّذِي جَاء بِالصِّدْقِ وَصَدَّقَ بِهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ

راست سۆز (يەنى قۇرئان) نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ــ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر.

لَهُم مَّا يَشَاءونَ عِندَ رَبِّهِمْ ذَلِكَ جَزَاء الْمُحْسِنِينَ

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان بەندىلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەنە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

لِيُكَفِّرَ اللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ الَّذِي عَمِلُوا وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ الَّذِي كَانُوا يَعْمَلُونَ

الله ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە ساۋاب بېرىدۇ. (33 ـ دىن 35 ـ كىچە)

قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ

(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

وَأَنِيبُوا إِلَى رَبِّكُمْ وَأَسْلِمُوا لَهُ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِيَكُمُ الْعَذَابُ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ

سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

وَاتَّبِعُوا أَحْسَنَ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَكُمُ العَذَابُ بَغْتَةً وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ

سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار».

أَن تَقُولَ نَفْسٌ يَا حَسْرَتَى عَلَى مَا فَرَّطتُ فِي جَنبِ اللَّهِ وَإِن كُنتُ لَمِنَ السَّاخِرِينَ

ھەرقانداق ئادەم: «اللهنىڭ تائەتتە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (اللهنىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ





**قالماسلىق ئۈچۈن**

أَوْ تَقُولَ لَوْ أَنَّ اللَّهَ هَدَانِي لَكُنتُ مِنَ الْمُتَّقِينَ

ياكى «الله مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن

أَوْ تَقُولَ حِينَ تَرَى الْعَذَابَ لَوْ أَنَّ لِي كَرَّةً فَأَكُونَ مِنَ الْمُحْسِنِينَ

ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا اللهغا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىغا بويسۇنسۇن). (سۈرە زۇمەر 53 ـ دىن58 ـ كىچە)

وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّماوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ

ئۇلار اللهنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللهنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللهنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاء اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ

سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ.

وَأَشْرَقَتِ الْأَرْضُ بِنُورِ رَبِّهَا وَوُضِعَ الْكِتَابُ وَجِيءَ بِالنَّبِيِّينَ وَالشُّهَدَاء وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِالْحَقِّ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ

مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورىيدۇ، نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَا يَفْعَلُونَ

ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

وَسِيقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَاء يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا بَلَى وَلَكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ الْعَذَابِ عَلَى الْكَافِرِينَ

كافىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشىنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كافىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ.

قِيلَ ادْخُلُوا أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَبِئْسَ مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ

(ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۇ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمەدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ.

وَسِيقَ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ إِلَى الْجَنَّةِ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ

پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ. جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ.

وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاء فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ

ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: «جىمى ھەمدۇسانا





اللهغا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمە دېگەن ياخشى!».

وَتَرَى الْمَلَائِكَةَ حَافِّينَ مِنْ حَوْلِ الْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِالْحَقِّ وَقِيلَ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدى ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كافىرلار دەۋزەخكە كىرىدۇ)، «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهغا خاستۇر!» دېيىلىدۇ. (سۈرە زۇمەر 67 ـ دىن ئاخىرغىچە)

الَّذِينَ يَحْمِلُونَ الْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ

ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدتَّهُم وَمَن صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.

وَقِهِمُ السَّيِّئَاتِ وَمَن تَقِ السَّيِّئَاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر». (سۈرە غافىر مۆئمىن 7 ـ 9 ـ)

يَا قومِ وِنَّمَا هَوْهِ الْحِيَاهُ الدُّنيَا مَتَاىٌ وَوِنَّ الْزخِرَهَ هِيَ دَارُ الْقرَار

ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر.

مَنْ عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجْزَى إِلَّا مِثْلَهَا وَمَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُوْلَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ يُرْزَقُونَ فِيهَا بِغَيْرِ حِسَابٍ

كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۇئمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ. (39 ـ 40 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ. (سەجدە فۇسسىلەت 8 ـ)

وَنَجَّيْنَا الَّذِينَ آمَنُوا وَكَانُوا يَتَّقُونَ

ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە تەقۋادارلارنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق. (18 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ نُزُلًا مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ

شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللهدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ.

وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ





اللهغا (يەنى اللهنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟

وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ

ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ

بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ. (سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ دىن35 ـ كىچە)

وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لِّتُنذِرَ أُمَّ الْقُرَى وَمَنْ حَوْلَهَا وَتُنذِرَ يَوْمَ الْجَمْعِ لَا رَيْبَ فِيهِ فَرِيقٌ فِي الْجَنَّةِ وَفَرِيقٌ فِي السَّعِيرِ

مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق، ئۇ كۈندە ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ.

وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَهُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِن يُدْخِلُ مَن يَشَاءُ فِي رَحْمَتِهِ وَالظَّالِمُونَ مَا لَهُم مِّن وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ

ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، لېكىن الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ. (سۈرە شۇرا 7 ـ 8 ـ)

تَرَى الظَّالِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا كَسَبُوا وَهُوَ وَاقِعٌ بِهِمْ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فِي رَوْضَاتِ الْجَنَّاتِ لَهُم مَّا يَشَاؤُونَ عِندَ رَبِّهِمْ ذَلِكَ هُوَ الْفَضْلُ الْكَبِيرُ

كافىرلارنىڭ (قىيامەت كۈنى دۇنيادا) قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن

قورقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، (ئۇلار مەيلى قورقسۇن، قورقمىسۇن) جازا ئۇلارغا (چوقۇم) نازىل بولغۇسىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ كاتتا ئىنئامدۇر.

ذَلِكَ الَّذِي يُبَشِّرُ اللَّهُ عِبَادَهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ قُل لَّا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِلَّا الْمَوَدَّةَ فِي الْقُرْبَى وَمَن يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَّزِدْ لَهُ فِيهَا حُسْنًا إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ شَكُورٌ

الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئەنە شۇ ئىنئام بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. «(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشكە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن» دېگىن، كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا بىز ساۋابنى زىيادە بېرىمىز، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر. (22 ـ 23 ـ)

فَمَا أُوتِيتُم مِّن شَيْءٍ فَمَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى لِلَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ

(دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا اللهنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر.

وَجَزَاء سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ

بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق





قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.

وَلَمَنِ انتَصَرَ بَعْدَ ظُلْمِهِ فَأُوْلَئِكَ مَا عَلَيْهِم مِّن سَبِيلٍ

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. (سۈرە شۇرا 36 ـ دىن 41 ـ گىچە)

هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا السَّاعَةَ أَن تَأْتِيَهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ

ئۇلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ.

الْأَخِلَّاء يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ

بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر).

يَا عِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ وَلَا أَنتُمْ تَحْزَنُونَ

(ئۇلارغا) «بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ).

الَّذِينَ آمَنُوا بِآيَاتِنَا وَكَانُوا مُسْلِمِينَ

ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى.

ادْخُلُوا الْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ تُحْبَرُونَ

(ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ).

يُطَافُ عَلَيْهِم بِصِحَافٍ مِّن ذَهَبٍ وَأَكْوَابٍ وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ وَأَنتُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر.

وَتِلْكَ الْجَنَّةُ الَّتِي أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.

لَكُمْ فِيهَا فَاكِهَةٌ كَثِيرَةٌ مِنْهَا تَأْكُلُونَ

جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر. (سۈرەزۇخرەف 66 ـ دىن 73كىچە) ئەمەللەر الله نىڭ رەھمەت پەزلىدۇر.

إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ

تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ.

فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ

باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَابِلِينَ

ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ.

كَذَلِكَ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ

(ئۇلارنى تۈرلۈك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز.

يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ آمِنِينَ

ئۇلار جەننەتتە (مېيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ.

لَا يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلَّا الْمَوْتَةَ الْأُولَى وَوَقَاهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ

ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، الله ئۇلارنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

فَضْلًا مِّن رَّبِّكَ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ





(بۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

فَإِنَّمَا يَسَّرْنَاهُ بِلِسَانِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ

ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق.

فَارْتَقِبْ إِنَّهُم مُّرْتَقِبُونَ

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، شۈبھىسىزكى، ئۇلار (سېنىڭ ھالاك بولۇشۇڭنى) كۈتكۈچىدۇر. (سۈرە دۇخان 51 ـ دىن ئاخىرغىچە)

تَنزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ

(بۇ) كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ

ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ

سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (الله زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانۋارلاردا (اللهنىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا أَنزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ

كېچە بىلەن كۈندۈزنى نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، اللهنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شامالنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

تِلْكَ آيَاتُ اللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ

ئەنە شۇلار اللهنىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن

تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) اللهنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟. (سۈرە جاسىيە 1 ـ دىن 6 ـ)

فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَيُدْخِلُهُمْ رَبُّهُمْ فِي رَحْمَتِهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْمُبِينُ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، بۇ روشەن مۇرادقا يېتىشتۇر. (30 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ

«پەرۋەردىگارىمىز اللهدۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر.

أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ خَالِدِينَ فِيهَا جَزَاء بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.

وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَانًا حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهًا وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا وَحَمْلُهُ وَفِصَالُهُ ثَلَاثُونَ شَهْرًا حَتَّى إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُ وَبَلَغَ أَرْبَعِينَ سَنَةً قَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ

بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ.

أُولَئِكَ الَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا وَنَتَجَاوَزُ عَن سَيِّئَاتِهِمْ فِي أَصْحَابِ الْجَنَّةِ وَعْدَ الصِّدْقِ الَّذِي كَانُوا يُوعَدُونَ

ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان





ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار (الله يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر. (ئەھقاف 13 ـ دىن 16)

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَآمَنُوا بِمَا نُزِّلَ عَلَى مُحَمَّدٍ وَهُوَ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ كَفَّرَ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَأَصْلَحَ بَالَهُمْ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ـ قۇرئان ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر ـ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى الله ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ). (سۈرە مۇھەممەد سەللە الله ئەلەيھى ۋەسەللەم 2 ـ)

إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ

شۈبھىسىزكى، الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كافىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. (12 ـ)

مَثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ فِيهَا أَنْهَارٌ مِّن مَّاء غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ وَأَنْهَارٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّارِبِينَ وَأَنْهَارٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَمَغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ كَمَنْ هُوَ خَالِدٌ فِي النَّارِ وَسُقُوا مَاء حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءهُمْ

تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغفىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختە مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ (سۈرە مۇھەممەد سەللە الله ئەلەيھى ۋەسەللەم 15 ـ)

هُوَ الَّذِي أَنزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَانًا مَّعَ إِيمَانِهِمْ وَلِلَّهِ جُنُودُ السَّمَاوَاتِ

وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا

**مۇئمىنلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى، ئاسمانىنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ (پەرىشتىلەردىن جىنلاردىن، هايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت هادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى اللهنىڭدۇر، الله (خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.**

لِيُدْخِلَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَيُكَفِّرَ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَكَانَ ذَلِكَ عِندَ اللَّهِ فَوْزًا عَظِيمًا

**(مۇئمىنلارنىڭ دىللىرىغا اللهنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر ـ ئايال مۇئمىنلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر، اللهنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر، اللهنىڭ دەرگاھىدا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. (سۈرە پەتھى 4 ـ 5 ـ)**

هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا

**الله هەق دىنني پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى هىدايەت بىلەن ۋە هەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىشكە الله يېتەرلىكتۇر.**

مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِم مِّنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا

**مۇھەممەد اللهنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ـ ئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان هالدا كۆرىسەن. ئۇلار اللهنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بۇلۇقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنىشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر،**





**الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغفىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلدۇ. (28 ـ 29 ـ)**

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَن تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ

**ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تۈۋلاپ) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تۈۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.**

إِنَّ الَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصْوَاتَهُمْ عِندَ رَسُولِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ امْتَحَنَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ لِلتَّقْوَى لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ

**شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللانىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى الله تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغفىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. (سۈرە هۇجرات 2 ـ 3 ـ)**

يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ

**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز هەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن هەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، هەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ هۆرمەتلىك هېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ)، الله هەقىقەتەن هەممىنى بىلگۈچىدۇر، هەممىدىن خەۋەرداردۇر.**

قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُل لَّمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِن قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ وَإِن تُطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُم مِّنْ أَعْمَالِكُمْ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**ئەئرابلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىللىرىڭلارغا**

كىرمىدى، ئەگەر سىلەر اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ

شۇبهىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر». (سۈرە ھۇجرات 13 ـ 15 ـ)

وَأُزْلِفَتِ الْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ غَيْرَ بَعِيدٍ

جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

هَذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٍ

مانا بۇ (نېمەتتىن) سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر، اللهنىڭ (تائەتكە) قايتقۇچى، (ئەمرىنى) ساقلىغۇچى ھەر بىر (بەندە) ئۈچۈندۇر.

مَنْ خَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ وَجَاء بِقَلْبٍ مُّنِيبٍ ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ ذَلِكَ يَوْمُ الْخُلُودِ

كىمكى مېھرىبان اللهنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە، ئۇلارغا «جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار. بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ).

لَهُم مَّا يَشَاؤُونَ فِيهَا وَلَدَيْنَا مَزِيدٌ

جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا (ئۇلارغا) زىيادە (نېمەتلەر) بار. (سۈرە قاف 31 ـ دىن35 ـ)

إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ

شۇبهىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.





آخِذِينَ مَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ مُحْسِنِينَ

ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى.

كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ

ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى.

وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ

ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغفىرەت تىلەيتتى.

وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ

ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى).

وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ

زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا اللهغا چىن ئىتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر.

وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ

زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا اللهغا چىن ئىتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر.

وَفِي السَّمَاء رِزْقُكُمْ وَمَا تُوعَدُونَ

ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار. (سۈرە زارىيات 15 ـ دىن 22 ـ)

وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ

جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.

مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ

ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. (56 ـ 57 ـ)

إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَعِيمٍ

تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتتە ۋە نېئمەت ئىچىدە بولىدۇ.

فَاكِهِينَ بِمَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ وَوَقَاهُمْ رَبُّهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ

ئۇلار پەرۋەردىگارى بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

(ئۇلارغا) «قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ (مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

مُتَّكِئِينَ عَلَى سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ

ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز.

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَمَا أَلَتْنَاهُم مِّنْ عَمَلِهِم مِّن شَيْءٍ كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ

ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر. (سۈرە تۇر 17 ـ دىن 22 ـ)

وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى

ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.





عِندَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى

ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.

عِندَهَا جَنَّةُ الْمَأْوَى

جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر.

إِذْ يَغْشَى السِّدْرَةَ مَا يَغْشَى

(ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى).

مَا زَاغَ الْبَصَرُ وَمَا طَغَى

(پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى.

لَقَدْ رَأَى مِنْ آيَاتِ رَبِّهِ الْكُبْرَى

شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى. (سۈرە نەجمە 13 ـ دىن 18 ـ)

وَلِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ لِيَجْزِيَ الَّذِينَ أَسَاءُوا بِمَا عَمِلُوا وَيَجْزِيَ الَّذِينَ أَحْسَنُوا بِالْحُسْنَى

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ مۈلكىدۇر، (الله يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ.

الَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلَّا اللَّمَمَ إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ هُوَ أَعْلَمُ بِكُمْ إِذْ أَنشَأَكُم مِّنَ الْأَرْضِ وَإِذْ أَنتُمْ أَجِنَّةٌ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى

ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ، كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغفىرىتى كەڭدۇر، الله سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقىتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ

قۇرساقلىرىدىكى بالا) ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭلارنى پاك ھېساپلىماڭلار. اللّٰه تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ. (سۈرە نەجمە 31 ـ 32 ـ)

إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ

بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.

وَمَا أَمْرُنَا إِلَّا وَاحِدَةٌ كَلَمْحٍ بِالْبَصَرِ

(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ).

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا أَشْيَاعَكُمْ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ

بىز ھەقىقەتەن (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن كۇفرىدا) سىلەرگە ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟

وَكُلُّ شَيْءٍ فَعَلُوهُ فِي الزُّبُرِ

ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى ۋە يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە ـ ئەماللىرىدا مەۋجۇتتۇر.

إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَهَرٍ

شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

فِي مَقْعَدِ صِدْقٍ عِندَ مَلِيكٍ مُّقْتَدِرٍ

(ئۇلار) قۇدرەتلىك اللّٰەنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ. (سۈرە قەمەر 49 ـ دىن 55 ـ كىچە)

وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ

پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار.





فَبِأَيِّ آلَاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ

(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

ذَوَاتَا أَفْنَانٍ

ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

فِيهِمَا عَيْنَانِ تَجْرِيَانِ

ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار.

فِيهِمَا مِن كُلِّ فَاكِهَةٍ زَوْجَانِ

ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار.

مُتَّكِئِينَ عَلَى فُرُشٍ بَطَائِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍ وَجَنَى الْجَنَّتَيْنِ دَانٍ

ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر.

فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ

ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار.

كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ

گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر.

هَلْ جَزَاء الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ

ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ

ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت بار.

مُدْهَامَّتَانِ

ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر.

فِيهِمَا عَيْنَانِ نَضَّاخَتَانِ

ئۇ ئىككى قايناپ چىقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار.

فِيهِمَا فَاكِهَةٌ وَنَخْلٌ وَرُمَّانٌ

ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار.

فِيهِنَّ خَيْرَاتٌ حِسَانٌ

ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار.

فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ

(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

حُورٌ مَّقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ

ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر.

لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ

ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان.

مُتَّكِئِينَ عَلَى رَفْرَفٍ خُضْرٍ وَعَبْقَرِيٍّ حِسَانٍ

ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ.

فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ

(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

تَبَارَكَ اسْمُ رَبِّكَ ذِي الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ





ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر. (سۈرە ئەررەھمان 46 ـ دىن ئاخىرغىچە)

وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ

(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر.

أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ

ئۇلار نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەردە اﷲغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ

ئۇلار نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەردە اﷲغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

ثُلَّةٌ مِّنَ الْأَوَّلِينَ

بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر.

وَقَلِيلٌ مِّنَ الْآخِرِينَ

بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر.

عَلَى سُرُرٍ مَّوْضُونَةٍ مُّتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ

ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە يۆلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُونَ

(قىرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ.

بِأَكْوَابٍ وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ

(قىرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ.

لَا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ

ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ.

وَفَاكِهَةٍ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ

ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ.

وَلَحْمِ طَيْرٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ

ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ.

وَحُورٌ عِينٌ

ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ.

كَأَمْثَالِ اللُّؤْلُؤِ الْمَكْنُونِ

بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.

جَزَاء بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

ئۇلار جەننەتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ.

لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا تَأْثِيمًا

ئۇلار جەننەتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ.

إِلَّا قِيلًا سَلَامًا سَلَامًا

سائادەتمەنلەرنىڭ (يەنى نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەرنىڭ) ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

وَأَصْحَابُ الْيَمِينِ مَا أَصْحَابُ الْيَمِينِ

سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟





فِي سِدْرٍ مَّخْضُودٍ وَطَلْحٍ مَّنضُودٍ وَظِلٍّ مَّمْدُودٍ وَمَاء مَّسْكُوبٍ وَفَاكِهَةٍ كَثِيرَةٍ لَّا مَقْطُوعَةٍ وَلَا مَمْنُوعَةٍ وَفُرُشٍ مَّرْفُوعَةٍ

ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

إِنَّا أَنشَأْنَاهُنَّ إِنشَاء عُرُبًا أَتْرَابًا

شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق.

لِّأَصْحَابِ الْيَمِينِ

(بۇ ھۆرلەر) سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر.

ثُلَّةٌ مِّنَ الْأَوَّلِينَ

بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر.

وَثُلَّةٌ مِّنَ الْآخِرِينَ

كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر (سۈرە ۋاقىئە 10 ـ دىن 40 ـ كىچە)

فَأَمَّا إِن كَانَ مِنَ الْمُقَرَّبِينَ فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّةُ نَعِيمٍ

ئەگەر ئۇ مېيت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزق ۋە نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەت بولىدۇ. (88 ـ 89 ـ)

يَوْمَ تَرَى الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ يَسْعَى نُورُهُم بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَبِأَيْمَانِهِم بُشْرَاكُمُ الْيَوْمَ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

ئۇ كۈندە مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خوش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ

يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ).

يَوْمَ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ لِلَّذِينَ آمَنُوا انظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِن نُّورِكُمْ قِيلَ ارْجِعُوا وَرَاءكُمْ فَالْتَمِسُوا نُورًا فَضُرِبَ بَيْنَهُم بِسُورٍ لَّهُ بَابٌ بَاطِنُهُ فِيهِ الرَّحْمَةُ وَظَاهِرُهُ مِن قِبَلِهِ الْعَذَابُ

ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ.

يُنَادُونَهُمْ أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ قَالُوا بَلَى وَلَكِنَّكُمْ فَتَنتُمْ أَنفُسَكُمْ وَتَرَبَّصْتُمْ وَارْتَبْتُمْ وَغَرَّتْكُمُ الْأَمَانِيُّ حَتَّى جَاء أَمْرُ اللَّهِ وَغَرَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ

ئۇلار مۆمىنلەرنى: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۆمىنلەر: «شۇنداق، لېكىن سىلەر ئۆزەڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (يەنى كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن ئۆزەڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆمىنلەرگە بالايى ئاپەت كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن) شەكلەندىڭلار، (اللهنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قۇرۇق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى، تاكى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى، شەيتان سىلەرنى اللهنىڭ (ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى) بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ.

أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ

مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى اللهنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

اعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ

بىلىڭلاركى، الله زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن





دەپ سىلەرگە (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق.

إِنَّ الْمُصَّدِّقِينَ وَالْمُصَّدِّقَاتِ وَأَقْرَضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَاعَفُ لَهُمْ وَلَهُمْ أَجْرٌ كَرِيمٌ

سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە اللهغا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە (يەنى اللهنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بەرگۈچىلەر، ياخشىلىق يوللىرىغا خۇشاللىق بىلەن پۇل ـ مال سەرپ قىلغۇچىلارغا) ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زور مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىلىدۇ.

وَالَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الصِّدِّيقُونَ وَالشُّهَدَاء عِندَ رَبِّهِمْ لَهُمْ أَجْرُهُمْ وَنُورُهُمْ وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ

اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـ ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سىددىقلاردۇر، شېھىتلەردۇر، ئۇلار ئاخىرەتتە ساۋابقا ۋە نۇرغا ئىگە بولىدۇ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ۋە يالغانغا چىقارغانلار ـ ئەنە شۇلار ئەھلى دەۋزەختۇر.

اعْلَمُوا أَنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَكُونُ حُطَامًا وَفِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٌ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ

بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) اللهنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر.

سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاء وَالْأَرْضِ أُعِدَّتْ لِلَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، ئۇ جەننەت) اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، بۇ اللهنىڭ پەزلىدۇر، (الله) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر. (سۈرە ھەدىد 12 ـ 13 ـ 18 ـ ن21 ـ گىچە)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَآمِنُوا بِرَسُولِهِ يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِن رَّحْمَتِهِ وَيَجْعَل لَّكُمْ نُورًا تَمْشُونَ بِهِ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! اللهدىن قورقۇڭلار، اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، الله سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ، الله بەكمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

لِئَلَّا يَعْلَمَ أَهْلُ الْكِتَابِ أَلَّا يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِّن فَضْلِ اللَّهِ وَأَنَّ الْفَضْلَ بِيَدِ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ

ئەھلى كىتابنىڭ اللهنىڭ پەزلىدىن ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەسلىكلىرىنى، پەزلنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ قولىدا بولۇپ، (اللهنىڭ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى، اللهنىڭ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن (الله شۇ سۆزنى قىلدى). (28 ـ 29 ـ )

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قِيلَ لَكُمْ تَفَسَّحُوا فِي الْمَجَالِسِ فَافْسَحُوا يَفْسَحِ اللَّهُ لَكُمْ وَإِذَا قِيلَ انشُزُوا فَانشُزُوا يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ

ئى مۆمىنلەر ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، الله سىلەرگە (رەھمىتى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (سۈرە مۇجادىلە 11 ـ )

كَتَبَ اللَّهُ لَأَغْلِبَنَّ أَنَا وَرُسُلِي إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ





الله (لەۋھۇلمەھفۇزغا) «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءهُمْ أَوْ أَبْنَاءهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُوْلَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُوْلَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، اللهدىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار اللهنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، اللهنىڭ قوشۇنى مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (21 ـ 22 ـ )

وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

وَالَّذِينَ جَاؤُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ

ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىلىمىزدا مۆمىنلەرگە

قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ. (سۈرە ھەشر 9 ـ 10 ـ)

لَا يَسْتَوِي أَصْحَابُ النَّارِ وَأَصْحَابُ الْجَنَّةِ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمُ الْفَائِزُونَ

ئەھلى دەۋزەخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (20 ـ)

قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَاء مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاء أَبَدًا حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَا أَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللَّهِ مِن شَيْءٍ رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ

ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۆئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللّٰەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللّٰەغا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان «ئەلۋەتتە ساڭا مەغفىرەت تىلەيمەن، اللّٰەنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەر ئېيتتى) «پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۈل قىلدۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا وَاغْفِرْ لَنَا رَبَّنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۈتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيهِمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ اللَّهَ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ





(ئى مۆھەممەدنىڭ ئۇممىتى!) ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر سىلەرگە، اللّٰەنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارغا ياخشى نەمۇنىدۇر، كىمكى (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلسۇنكى) اللّٰە (ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنداقلاردىن) بىھاجەتتۇر، (اللّٰە) مەدھىيىگە لايىقتۇر.

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا جَاءكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى أَن لَّا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

ئى پەيغەمبەر! مۆئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، اللّٰەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز باللىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرىغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن اللّٰەدىن مەغفىرەت تىلىگىن، اللّٰە ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (سۈرە مۇمتەھىنەت 4 ـ 5 ـ 6 ـ 12 ـ)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ

ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟

تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ

اللّٰەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللّٰەنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر.

يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

(شۇنداق قىلساڭلار) اللّٰە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ،

سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ

سىلەرگە مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت اللهدىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۆئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونوا أَنصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللَّهِ فَآمَنَت طَّائِفَةٌ مِّن بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَت طَّائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ

ئى مۆئمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۆئمىن قەۋم) دەك اللهنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: «(اللهنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) اللهغا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېدى، ھەۋارىيۇنلار: «بىز اللهنىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دېدى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كافىر بولدى، مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۆئمىنلەر غالىب بولدى. (سۈرە سەف 10 - 14 - )

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِي لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ

ئى مۆئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللهنى ياد ئېتىشكە (جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ

ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللهنىڭ پەزلىدىن تەلەپ





قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللهنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انفَضُّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا قُلْ مَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ مِّنَ اللَّهْوِ وَمِنَ التِّجَارَةِ وَاللَّهُ خَيْرُ الرَّازِقِينَ

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ، (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «اللهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، الله رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر». (سۈرە جۈمئە 9 - 11 - )

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ

ئى مۆئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى اللهنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللهنىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

وَأَنفِقُوا مِن مَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ الصَّالِحِينَ

بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار.

وَلَن يُؤَخِّرَ اللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَاء أَجَلُهَا وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ

الله ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (سۈرە مۇنافىق 9 - 11 - )

يَوْمَ يَجْمَعُكُمْ لِيَوْمِ الْجَمْعِ ذَلِكَ يَوْمُ التَّغَابُنِ وَمَن يُؤْمِن بِاللَّهِ وَيَعْمَلْ صَالِحًا يُكَفِّرْ عَنْهُ سَيِّئَاتِهِ وَيُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

ئۇ كۈندە الله سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈندۇر (يەنى ئۇ كۈندە ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى بىلەن كافىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى،

ياخشى ئەمەللەرنى دېگەندەك قىلالمىغانلىقى بىلەن مۆئمىننىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ). كىمكى ﷲغا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ﷲ ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ خَالِدِينَ فِيهَا وَبِئْسَ الْمَصِيرُ

ﷲنىڭ (بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى) ئىنكار قىلغانلار، ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاختە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!.

مَا أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَمَن يُؤْمِن بِاللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ

كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ﷲنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى ﷲغا (ھەر قانداق مۇسىبەت ﷲنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، ﷲ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، ﷲ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَإِنَّمَا عَلَى رَسُولِنَا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

ﷲغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر (پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (پەيغەمبەرگە زىيان يوق، ئۆزەڭلارغا زىيان)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت (دەۋەتنى) روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر.

اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ

ﷲدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۆئمىنلەر ﷲغا تەۋەككۇل قىلسۇن.

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوًّا لَّكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ وَإِن تَعْفُوا وَتَصْفَحُوا وَتَغْفِرُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

ئى مۆئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغفىرەت قىلساڭلار (ﷲ سىلەرنىمۇ مەغفىرەت





قىلىدۇ). ﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَاللَّهُ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ

تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ﷲغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزىنى) ئاڭلاڭلار (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (ﷲنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر.

إِن تُقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَاعِفْهُ لَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ

ﷲغا قەرزي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) ﷲ سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ، ﷲ ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ).

عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

(ﷲ) غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە 9 ـ دىن ئاخىرغىچە)

رَّسُولًا يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِ اللَّهِ مُبَيِّنَاتٍ لِّيُخْرِجَ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ وَمَن يُؤْمِن بِاللَّهِ وَيَعْمَلْ صَالِحًا يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا قَدْ أَحْسَنَ اللَّهُ لَهُ رِزْقًا

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرگە ﷲنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى، كىمكى ﷲغا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، (ﷲ) ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ﷲ ئۇلارغا ئېسىل رىزىق (يەنى جەننەتتىكى رىزىق ۋە نېئمەتلەرنى) بېرىدۇ. (سۈرە تالاق 11 ـ)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَى رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ يَوْمَ لَا يُخْزِي اللَّهُ النَّبِيَّ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ نُورُهُمْ يَسْعَى بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَبِأَيْمَانِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

ئى مۇئمىنلەر! اللهغا سەمىمى تەۋبە قىلىڭلار، ئۇمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) الله پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ. ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەلەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ.

وَضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ آمَنُوا امْرَأَةَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ابْنِ لِي عِندَكَ بَيْتًا فِي الْجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِ وَنَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

الله ئىمان ئېيتقانلارغا فىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم!دەرگاھىڭدا جەننەتتە مەڭا بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى فىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتقۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇلدۇرغىن» دېدى.

وَمَرْيَمَ ابْنَتَ عِمْرَانَ الَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَاتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِ وَكَانَتْ مِنَ الْقَانِتِينَ

ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلىنغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى، ۋە اللهغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى. (تەھرىم 8 ـ 11 ـ 12 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِالْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ

پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغفىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (سۇرە مۇلك 12 ـ)

إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتِ النَّعِيمِ

تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. (سۇرە قەلەم 34 ـ)





فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَؤُوا كِتَابِيَهْ

نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بۇلدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ.

إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ

نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بۇلدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ.

فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ

ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ.

فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ

ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ.

قُطُوفُهَا دَانِيَةٌ

ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغانمۇ، ئولتۇرغانمۇ، ياتقانمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ.

كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا أَسْلَفْتُمْ فِي الْأَيَّامِ الْخَالِيَةِ

(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) يەخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ. (سۇرە ھاققە 19 ـ دىن24 ـ كىچە)

إِلَّا الْمُصَلِّينَ

پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

الَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ

پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە

قىلغۇچىلاردۇر.

وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ

ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ.

وَالَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ

ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر.

وَالَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر.

إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ

شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (الله ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ

ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر.

إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ

پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ،

فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ

(جىنسىي تەلۋىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ

ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.





وَالَّذِينَ هُم بِشَهَادَاتِهِمْ قَائِمُونَ

ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر.

وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ

ئۇلار نامىزنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر.

أُوْلَئِكَ فِي جَنَّاتٍ مُّكْرَمُونَ

ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەت قىلىنغۇچىلاردۇر. (سۈرە مەئارىج 22 ـ دىن35 ـ)

رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَلَا تَزِدِ الظَّالِمِينَ إِلَّا تَبَارًا

پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۇئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن. (سۈرە نوھ 28 ـ)

إِنَّ رَبَّكَ يَعْلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدْنَى مِن ثُلُثَيِ اللَّيْلِ وَنِصْفَهُ وَثُلُثَهُ وَطَائِفَةٌ مِّنَ الَّذِينَ مَعَكَ وَاللَّهُ يُقَدِّرُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ عَلِمَ أَن لَّن تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ فَاقْرَؤُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرْضَى وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللَّهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَاقْرَؤُوا مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا وَاسْتَغْفِرُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەردىن بىر توپ ئادەمنىڭ) (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى) نى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ. سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى الله بىلىدۇ، الله سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اللهنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) سەپەر قىلىدۇ، يەنى بەزىلەر اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن)

قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، اللّٰهغا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى اللّٰهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزەڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، اللّٰهنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن اللّٰهنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، اللّٰهدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (سۈرە مۇززەممىل 20 ـ)

إِلَّا أَصْحَابَ الْيَمِينِ

پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆئمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءلُونَ عَنِ الْمُجْرِمِينَ مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ

ئۇلارجەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ

قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ

ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق.

وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ

مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق.

وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ الْخَائِضِينَ

بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق.

وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ الدِّينِ

قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق.

حَتَّى أَتَانَا الْيَقِينُ

تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)».





فَمَا تَنفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشَّافِعِينَ

شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللّٰهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ). (سۈرە مۇددەسسىر 39 ـ دىن 48 ـ)

وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ

بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ.

إِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ

(ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ. (سۈرە قىيامەت 22 ـ 23 ـ)

إِنَّ الْأَبْرَارَ يَشْرَبُونَ مِن كَأْسٍ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا

ھەقىقەتەن ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ.

عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا عِبَادُ اللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفْجِيرًا

(ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن (ئېتىلىپ چىققان بولۇپ)، ئۇنىڭدىن اللّٰهنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا) ئېقىتىپ بارالايدۇ.

يُوفُونَ بِالنَّذْرِ وَيَخَافُونَ يَوْمًا كَانَ شَرُّهُ مُسْتَطِيرًا

ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ.

وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا

ئۆزى مۇھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.

إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ اللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَاء وَلَا شُكُورًا

(ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز اللّٰهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز.

إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوْمًا عَبُوسًا قَمْطَرِيرًا

شۇبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز».

فَوَقَاهُمُ اللَّهُ شَرَّ ذَلِكَ الْيَوْمِ وَلَقَّاهُمْ نَضْرَةً وَسُرُورًا

الله ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

وَجَزَاهُم بِمَا صَبَرُوا جَنَّةً وَحَرِيرًا

ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

مُتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ لَا يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَلَا زَمْهَرِيرًا

ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقمۇ، قاتتىق سوغۇقمۇ كۆرمەيدۇ.

وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلَالُهَا وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلًا

جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىندۇ.

وَيُطَافُ عَلَيْهِم بِآنِيَةٍ مِّن فِضَّةٍ وَأَكْوَابٍ كَانَتْ قَوَارِيرَا قَوَارِيرَ مِن فِضَّةٍ قَدَّرُوهَا تَقْدِيرًا

ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇلۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ).

وَيُسْقَوْنَ فِيهَا كَأْسًا كَانَ مِزَاجُهَا زَنجَبِيلًا

ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ.

عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلًا





جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار.

وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيْتَهُمْ حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَّنثُورًا

قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلىكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى تىرىلىپ كەلگەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن.

وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا

قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن.

عَالِيَهُمْ ثِيَابُ سُندُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ وَحُلُّوا أَسَاوِرَ مِن فِضَّةٍ وَسَقَاهُمْ رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُورًا

ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراپ بىلەن سۇغىرىدۇ.

إِنَّ هَذَا كَانَ لَكُمْ جَزَاءً وَكَانَ سَعْيُكُم مَّشْكُورًا

شۇبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنەتلىرىڭلار قوبۇل بولدى. (سۈرە ئىنسان دەھر 5 ـ دىن 22 ـ )

إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي ظِلَالٍ وَعُيُونٍ وَفَوَاكِهَ مِمَّا يَشْتَهُونَ

شۇبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

(ئۇلارغا) «دۇنيادا قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن خۇشال ـ خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ

شۇبھىسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز

وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ.

بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! (سۈرە مۇرسەلات 41 ـ 44 ـ كىچە)

إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا

شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېئمەتكە ئېرىشىدۇ.

حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا

(ئۇ نېئمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر.

وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا

تەڭتۇش قىزلاردۇر.

وَكَأْسًا دِهَاقًا

(شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملاردۇر.

لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّابًا

ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز، بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ.

جَزَاء مِّن رَّبِّكَ عَطَاء حِسَابًا

(ئەنە شۇلار) پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى، يېتەرلىك ئاتاسىدۇر. (سۈرە نەبەئ 331 ـ دىن 36 گىچە)

وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى

پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك

فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ. (سۈرە نازىئات 40 ـ 41 ـ)

فَإِذَا جَاءتِ الصَّاخَّةُ





(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ).

يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ

ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ.

لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ

ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ.

وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ضَاحِكَةٌ مُّسْتَبْشِرَةٌ

ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. (سۈرە ئەبەس 33 ـ دىن 39 قىچە)

وَإِذَا الْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ

جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، (سۈرەتەكۋىر 13 ـ)

إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ

مۇئمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ. (سۈرەئىنفىتار 13 ـ)

كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْأَبْرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ

راستلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى شەك ـ شۈبھىسىز ئىللىيىوندا بولىدۇ.

وَمَا أَدْرَاكَ مَا عِلِّيُّونَ

ئىللىيىوننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟

كِتَابٌ مَّرْقُومٌ

(ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر.

يَشْهَدُهُ الْمُقَرَّبُونَ

ئۇنىڭغا اللهنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ.

إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ

ياخشىلار نېئمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ.

عَلَى الْأَرَائِكِ يَنظُرُونَ

ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (اللهنىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېئمەتلىرىگە) قارايدۇ.

تَعْرِفُ فِي وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ النَّعِيمِ

ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېئمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن.

يُسْقَوْنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخْتُومٍ

ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!

خِتَامُهُ مِسْكٌ وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ

ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!

وَمِزَاجُهُ مِن تَسْنِيمٍ

ئۇنىڭغا (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان.

عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا الْمُقَرَّبُونَ

تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللهنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ. (سۈرە مۇتەففىفىن 18 ـ دىن 28 ـ گىچە)

فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ





نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ.

فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا

نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ.

وَيَنقَلِبُ إِلَى أَهْلِهِ مَسْرُورًا

(ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ.

إِلَّا الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ لَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ

پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (سۈرە ئىنشىقاق 7 ـ 8 ـ 9 ـ 28 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْكَبِيرُ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر. (سۈرەبۇرۇج 11 ـ)

إِن كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ

ھەر بىر ئادەم بىلەن (شۇ ئادەمنى) ساقلىغۇچى (پەرىشتە) بار. (سۈرە تارىق 4 ـ)

قَدْ أَفْلَحَ مَن تَزَكَّى

(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى.

وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى

ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى.

بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا

سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر.

وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَى

ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر. (سۈرە ئەئلا 14 ـ دىن17 ـ گىچە)

وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاعِمَةٌ

بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېئمەت بىلەن خۇشالدۇر.

لِسَعْيِهَا رَاضِيَةٌ

بۇ دۇنيادا قىلغان (سەئيى ـ ئەمەللىرىدىن) مەمنۇندۇر.

فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ

ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر.

لَّا تَسْمَعُ فِيهَا لَاغِيَةً

ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ.

فِيهَا عَيْنٌ جَارِيَةٌ

ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ.

فِيهَا سُرُرٌ مَّرْفُوعَةٌ وَأَكْوَابٌ مَّوْضُوعَةٌ وَنَمَارِقُ مَصْفُوفَةٌ وَزَرَابِيُّ مَبْثُوثَةٌ

ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت ـ رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار. (سۈرە غاشىيە 8 ـ دىن16 ـ گىچە)

يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ

ئى ئارام تاپقۇچى جان!

ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً

سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن.

فَادْخُلِي فِي عِبَادِي

سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن.





وَادْخُلِي جَنَّتِي

مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن. (سۈرە پەجر 27 ـ دىن 30 ـ)

فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ

ئۇ داۋان ئاشمىدى.

وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ

داۋان ئېشىشنىڭ نىمىلىگىنى قانداق بىلەتتىڭ؟.

فَكُّ رَقَبَةٍ

(داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازات قىلماقتۇر،

أَوْ إِطْعَامٌ فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ يَتِيمًا ذَا مَقْرَبَةٍ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ

ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىغى بولغان يېتىمگە ياكى تۇپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل) گە تاماق بەرمەكتۇر،

ثُمَّ كَانَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ

شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقۇرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر.

أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ

ئەنە شۇلار (يەنى يۇقۇرىقى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر. (سۈرە بەلەد 11 ـ دىن18 ـ)

قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا

روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. (سۈرەشەمسى 9 ـ)

فَأَمَّا مَنْ أَعْطَى وَاتَّقَىوَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى

(يول ـ مېلىنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك،

فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى

ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. (سۈرەلەيلى 5 ـ 6 ـ 7 ـ)

وَسَيُجَنَّبُهَا الْأَتْقَى الَّذِي يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّى

پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ.

وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَى

ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر.

إِلَّا ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى

ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر.

وَلَسَوْفَ يَرْضَى ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ. (سۈرە لەيلى 17 ـ دىن21 ـ)

وَلَلْآخِرَةُ خَيْرٌ لَّكَ مِنَ الْأُولَى

ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر.

وَلَسَوْفَ يُعْطِيكَ رَبُّكَ فَتَرْضَى

پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن. (سۈرە زۇھا 4 ـ 5 ـ)

فَإِذَا فَرَغْتَ فَانصَبْ

(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اﷲغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن.

وَإِلَى رَبِّكَ فَارْغَبْ





پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن. (سۈرە ئىنشىراھ 7 ـ 8 ـ)

إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ

پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ. (سۈرە تىين 6 ـ)

لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ

شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. (سۈرە قەدر 3 ـ)

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر.

جَزَاؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا رَّضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ ذَلِكَ لِمَنْ خَشِيَ رَبَّهُ

ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. اﷲ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ اﷲدىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ. (سۈرەبەييىنە7 ـ 8)

فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ

كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. (سۈرە زىلزال 7 ـ)

إِنَّ رَبَّهُم بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَّخَبِيرٌ

قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟ (سۈرە ئادىيات 11 ـ)

فَأَمَّا مَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ

تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ

چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. (سۈرە قارىئە 6 ـ 7)

ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ

ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر. (تەكاسۇر 8 ـ)

وَالْعَصْرِ

زامان بىلەن قەسەمكى،

إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ

ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.

إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ

ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. (سۈرە ئەسر)

فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَذَا الْبَيْتِ❖ الَّذِي أَطْعَمَهُم مِّن جُوعٍ وَآمَنَهُم مِّنْ خَوْفٍ

بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللا) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى،ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى. (سۈرەقۇرەيش3 ـ 4)

إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ

بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق.

(سۈرە كەۋسەرنىڭ تەپسىرىنى ھەدىسلەردىن كۆرۈڭ)

فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا

رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن.

اللە ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (سۇرە نەسر 3 ـ)

قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ اللە بىردۇر.

اللَّهُ الصَّمَدُ

ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر.

لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ

اللە بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.

وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ

ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. سۇرە ئىخلاس

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ [1] مِن شَرِّ مَا خَلَقَ [2] وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ [3] وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ [4] وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ [5]

«مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (اللە) غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.. (1 ـ 5)

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ [1] مَلِكِ النَّاسِ [2] إِلَٰهِ النَّاسِ [3] مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ [4] الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ [5] مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ [6]

«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (اللە) غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن. (1 ـ 6)

ئەمدى بىز، يۇقىرقى ئايەتلەرنىڭ شەرھى ئىزاھاتى تەفسىيرى بولغان سەھىھ ھەدىسلەرنى بايان قىلىمىز.

ئايەتلەر بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرنى چۈڭقۇر ئويلىنىپ، چۈڭقۇر تەفەككۇر





قىلىپ، چۈشۈنۈپ ئۇقۇڭلار. چۈنكى بۇ جەننەت يولى دە!!

**سەھىھ ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن جەننەت يولى**

آتي باب الجنة يوم القيامة فأستفتح فيقول الخازن: من أنت؟ فأقول محمد فيقول: بك أمرت أن لا أفتح لأحد قبلك

1 (صحيح). (حم م) عن أنس. (ت) عن عدي بن حاتم

1. ئەنەس، ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىغا بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىمەن، باشقۇرغۇچى خازىن، كىم سەن؟ دەيدۇ. مەن: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيمەن، ئاندىن، ئۇ: مەن سەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە ئىشىكنى ئاچماسلىققا، پەقەت ساڭىلا ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدىم دەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزي، ئەھمەد خاتىرلىگەن. سەھىھ

(صحيح) من شهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أن محمدا عبده و رسوله و أن عيسى عبده و رسوله و ابن أمته و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و أن الجنة حق و أن النار حق و أن البعث حق أدخله الله الجنة على ما كان من عمل من أي أبواب الجنة الثمانية شاء (حم ق) عن عبادة بن الصامت

2. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە: «ھەقىقەتەن يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئىيسامۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھ مەريەمگە تاشلىغان ئاللاھنىڭ كەلىمىسى، ئاللاھ تەرەپتىن يارىتىلغان روھدۇر، ھەقىقەتەن جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق» دىسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكىنىڭ قايسىدىن خالىسا، قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا، ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. (يەنى، جەننەتتىكى دەرىجىسى، ئەمەللىرى بىلەن بولىدى). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لقد سألتني عن عظيم و إنه ليسير على من يسره الله عليه تعبد الله لا تشرك به شيئا و تقيم الصلاة المكتوبة و تؤتي الزكاة المفروضة و تصوم رمضان و تحج البيت ؛ ألا أدلك على أبواب الخير ؟ الصوم جنة و الصدقة تطفئ الخطيئة كما يطفئ الماء النار و صلاة الرجل في جوف الليل ؛ ألا أخبرك برأس الأمر و عموده و ذروة سنامه ؟ رأس الأمر الإسلام من أسلم سلم و عموده الصلاة و ذروة سنامه الجهاد ؛ ألا أخبرك بملاك ذلك كله ؟ كف عليك هذا - و أشار إلى لسانه - قال : يا نبي الله ! و إنا لمؤاخذون بما نتكلم به ؟ قال : ثكلتك أمك يا معاذ ! و هل يكب الناس في النار على وجوههم إلا حصائد ألسنتهم (حم ت ك ه هب) عن معاذ زاد (طب هب) : إنك لن تزال سالما ما سكت فإذا تكلمت كتب لك أو عليك

3. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: مېنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلا دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن سەن مەندىن بەك چوڭ، ئۇلۇغ ئىشدىن سورىدىڭ. ھەقىقەتەن سەن دېگەن ئۇ ئىش، ئاللاھ ئاسان قىلغان كىشىگە ئاساندۇر. سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرز زاكاتنى بەرگىن، رامىزاندا روزا تۇتقىن، بەيتۇللاھنى ھەج قىلغىن. سىنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ روزا تۇتۇش، گۇناھدىن، دوۋزاخدىن قالقاندۇر، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىپ تۇرۇش خۇددى سۇ، ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەۋزەل ياخشىلىق بولسا، كىشىنىڭ يېرىم كېچىدىكى نامىزىدۇر. «مۆئمىنلەرنىڭ يېنى، كېچىسى ياتاقدىن يىراق تۇرىدۇ دېگەن ئايەت بار»، مەن ساڭا ئىشىنىڭ بېشىنى، تۈۋرۈكىنى، ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئىشىنىڭ بېشى ئىسلام، كىم مۇسۇلمان بولسا، سالامەت قالىدۇ، (يەنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قىيامەتتە دوۋزاخدىن سالامەت قالىدۇ.) ئىشىنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر. ئەڭ يۇقىرى پەللىسى،ئۈستۈنى بولسا، جىھادتۇر، مەن ساڭا يۇقىرقىنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ، توپلايدىغان، ھەممىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، تىلىڭنى يىغ دېدى، مەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سۆزلىگەن نەرسىلەرگىمۇ ئازابلىنامدۇق؟ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى مۇئاز! سېنى ئاناڭ يوقىتىپ قويسۇن، كىشىلەرنى پەقەت دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم سالىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىدۇر، كەلسە ـ كەلمەس ھەممە





سۆزنى قىلىشدۇر دېدى. تىرمىزى **2541** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **3963** ـ ھەدىس، ئەھمەد **21008** ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سوراش.

2. جەننەتكە پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرىدۇ.

3. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئىبادەت دېگەن، تۆۋەنى يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاش، يۇقىرىسى، يەر شارىغا خەلىپە بولۇشتۇر، ھاكىمىيەتتىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك.

4. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش.

5. نەپلە روزا، دوۋزاخ ئوتىدىن قالقاندۇر.

6. نەپلە سەدىقە ـ ئېھسان، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ.

7. كېچىلىك ناماز، تەھەججۇد ئەۋزەل ئىبادەت.

8. ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ناماز بولمىسا، ئۇ كىشىدە ئىسلام ئىمان يوقتۇر.

9. ئەڭ ئۈستۈن، ئەڭ ئەۋزەل، ئالىي، يۈكسەك ئىبادەت، شېھىدلىققا يەتكۈزىدىغان جىھادتۇر.

10. كىشى تىلىغا ئىگە بولۇشى، تىلىنى يىغىشى زۆرۈردۇر.

(صحيح) (حم م) عن ابن مسعود

آخر من يدخل الجنة رجل يمشي على الصراط فهو يمشي مرة و يكبو مرة و تسفعه النار مرة فإذا جاوزها التفت إليها فقال تبارك الذي نجاني منك لقد أعطاني الله شيئا ما أعطاه أحدا من الأولين و الآخرين فترفع له شجرة فيقول أي رب أدنني من هذه الشجرة فلأستظل بظلها و أشرب من مائها فيقول الله يا ابن آدم لعلي إن أعطيتكها سألتني غيرها ؟ فيقول لا يا رب و يعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة أخرى هي أحسن من الأولى فيقول أي رب أدنني من هذه لأشرب من مائها و أستظل

بظلها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني ألا تسألني غيرها ؟ فيقول لعلي إن أدنيتك منها تسألني غيرها ؟ فيعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة عند باب الجنة و هي أحسن من الأولين فيقول أي رب أدنني من هذه فلأستظل بظلها و أشرب من مائها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني أن لا تسألني غيرها ؟ قال بلى يا رب أدنني من هذه لا أسألك غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فإذا أدناه منها سمع أصوات أهل الجنة فيقول :أي رب أدخلنيها فيقولك يا ابن آدم ما يعريني منك؟ أيرضيك أن أعطيك الدنيا و مثلها معها؟ فيقول :أي رب أتستهزئ مني وأنت رب العالمين؟فيقول :إني لا أستهزئ منك ولكني على ما أشاء قادر

4. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:. جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بولسا، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھ تۈز ماڭالايدۇ. گاھ يىقىلىپ توختاپ قالىدۇ. گاھ ئۇنىڭغا دوۋزاخ ئوتى يىتىپ، بەلگە سىلىپ قويىدۇ. ئۇ دوۋزاخدىن سالامەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ، مىنى سەندىن قۇتقازغان ئاللاھنىڭ بەرىكتى بۈيۈكتۇر، ئۇ كاتتا، ئۇلۇغ زاتتۇر، ماڭا ئاللاھتائالا ئەۋۋەل ـ ئاخىر ھىچ كىشىگە بەرمىگەن نىئمەتنى ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تۈپ دەرەخ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ، ئەي رەببىم ئاللاھ. مىنى بۇ دەرەخكە يىقىپ قىلىپ قويساڭ. سايىسىدا سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام دەيدۇ.

ئاللاھ: ئى ئادەم بالىسى، ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىنىمۇ سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ، ياق ئى رەببىم، سورىمايمەن دەپ ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام، ۋەدىلەر بىرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ياكى ئالدىن ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ، ئۇنىڭ سەۋرە قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ، ئۇنى دەرەخكە يىقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىداپ سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىكىدىن ياخشىراق، گۈزەل بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ، ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مىنى بۇ دەرەخكە يىقىن قىلىپ قويساڭ. سايىدىسام، سۈيىدىن ئىچسەم، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھتائالا، ئى ئادەم بالىسى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ماڭا ئەھدە، توختام، ھەتتا قەسەم بەرمىگەنمىدىڭ؟، ئەگەر ساڭا بۇنى بەرسەم، يەنە باشقىنى سورايسەن دەيدۇ، ئۇ باشقىنى سورىماسلىققا قەسەم، ئەھدە بىرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرىسىزلىكىنى كۆرۈپ





تۇرغاچقا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يىقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىدا سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، جەننەتنىڭ ئىشىكى يىنىدا بىر دەرەخ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئەۋۋەلكى ئىككىسىدىن گۈزەل، ياخشىراق ئىدى، ئۇ، ئى رەببىم، مىنى بۇ دەرەخكە يىقىن قىلىپ قويساڭ. سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام، ئەمدى قەتئىي باشقىسىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ، تۇنجى قېتىمقى سۆزنى دەيدۇ، ئۇمۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ قەسەم بىرىدۇ. ئاللاھ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ يىقىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن، ئۇ جەننەتنىڭ ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ. ئى رەببىم، مىنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتسەڭ بوپتىكەن. ئاللاھتائالا: ئى ئادەم بالىسى، مەن ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ دۇنيا، دۇنيانىڭ ئوخشىشىدەك يەنە بىر ھەسسە بەرسەم رازى بولامسەن؟ دەيدۇ.

بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مىنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتامال؟ دەيدۇ.

ئاللاھ: مەن سىنى زاڭلىق قىلمىدىم، لىكىن، مەن نىمىنى خالىسام شۇنىڭغا قادىر دەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىدى.سەھىھ

أبشروا و بشروا من وراءكم أنه من شهد أن لا إله إلا الله صادقا بها دخل الجنة (حم طب عن أبى موسى

5. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خۇش بىشارەت ئىلىڭلار، سىلەردىن كىيىنكىلەرگە بىشارەت بىرىڭلاركى، ھەقىقەتەن كىم چىن قەلبىدىن سەممىيلىك بىلەن تەستىقلاپ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن. ئالىملار بۇ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دىگەن، بۇ ھىچ بىر پەرىز، پەرىز قىلىنىشىدىن بۇرۇن دىيىلگەن ھەدىستۇر. ياكى ئىشنىڭ بىشى شۇ، بۇ ئاچچقۇچىسىز مۇسۇلمان مۆئمىن بولغىلى بولمايدۇ، بۇ ئاساس دىگەن ياكى بۇ كەلىمە شۇئار بايراقدۇر، ئۇ كىشى بۇ شۇئار بايراق ئاستىدا تەلەپكە لايىق ياششى لازىم دىگەن.ياكى ئۆلۈش ئالدىدا دىسە،ياكى شۇنىڭدىن كىيىنلا شېھىدبولسا، سەيىد قۇتۇپ.

أبو بكر في الجنة و عمر في الجنة و عثمان في الجنة و علي في الجنة و طلحة في الجنة و الزبير في الجنة و عبد الرحمن بن عوف في الجنة و سعد بن أبي وقاص في الجنة و سعيد بن زيد في الجنة

و أبو عبيدة بن الجراح في الجنة (حم الضياء) عن سعيد بن زيد (ت) عن عبدالرحمن بن عوف

**6. سەئىيد ئىبنى زەيد ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير جەننەتتە، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس جەننەتتە، سەئىيد ئىبنى زەيد جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ جەننەتتە، تىرمىزى، ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەس توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.بۇ ھەدىستە، يۇقىرقى 10 كىشىنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى جەننەتكە ھايات چېغىدا كىرىدۇ دەپ بىشارەت بېرىلگەن، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز.بىزمۇ شۇلاردەك بۇلايلى!!**

أتاكم شهر رمضان شهر مبارك فرض الله عليكم صيامه تفتح فيه أبواب الجنة و تغلق فيه أبواب الجحيم و تغل فيه مردة الشياطين و فيه ليلة هي خير من ألف شهر من حرم خيرها فقد حرم (حم ن هب) عن أبي هريرة

**7. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە مۇبارەك ئاي، رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى، بۇ ئايدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دوۋزاخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. جىن ـ شەيتانلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىرىنىڭ پۇت ـ قول، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنىدۇ، بۇ ئايدا بىر كېچە بولۇپ، 1000 ئايدىن ياخشىدۇر، ئۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالغان كىشى ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ، نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى خاتىرلىگەن، سەھىھ.**

أتاني آت من عند ربي فخيرني بين أن يدخل نصف أمتي الجنة و بين الشفاعة فاخترت الشفاعة و هي لمن مات لا يشرك بالله شيئا (حم) عن أبي موسى (ت حب) عن عوف بن مالك الأشجعي

**8. ئەبۇ مۇسا، ئەۋف ئىبنى مالىك، ئەسجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا رەببىمدىن بىر ئەلچى كېلىپ، ئۈممىتىمنىڭ يېرىمىنىڭ جەننەتكە كىرىشى بىلەن شاپائەت ئوتتۇرىسىدا تاللىشىمغا ئەركىنلىك بەردى، مەن شاپائەت قىلىشنى تاللىدىم، مېنىڭ شاپائىتىم ئاللاھقا، بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببانلار توپلىدى، سەھىھ.**





أتاني جبريل فبشرني أن الحسن و الحسين: سيدا شباب أهل الجنة (ابن سعد) عن حذيفة

**9. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:، ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق بىشارەت بەردى، ھەققەتەن ھەسەن ـ ھۇسەن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، كاتتىسىدۇر، ئىبنى سەئىد توپلىدى، سەھىھ.**

أتاني جبريل فبشرني أنه من مات من أمتك لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة فقلت: و إن زنى و إن سرق ؟ فقال: و إن زنى و إن سرق (ق) عن أبي ذر

**10. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق بىشارەت بەردى، ھەققەتەن ئۈممىتىڭدىن كىم ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا: گەرچە زىنا قىلىپ، ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ، شۇنداقمۇ؟ دېدىم، ئۇ گەرچە زىنا قىلىپ ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ، شۇنداق دېدى، بەيھەقى خاتىرلىگەن سەھىھ ھەدىستۇر.**

أتاني جبريل من عند الله تبارك و تعالى فقال: يا محمد ! إن الله عز و جل يقول: إني قد فرضت على أمتك خمس صلوات فمن وافى بهن على وضوئهن و مواقيتهن و ركوعهن و سجودهن كان له عندي بهن عهد أن ادخله بهن الجنة و من لقيني قد انتقص من ذلك شيئا فليس له عندي عهد إن شئت عذبته و إن شئت رحمته (الطيالسي محمد بن نصر في كتاب الصلاة طب الضياء في المختارة) عن عبادة بن الصامت

**11. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ماڭا، جىبرىئىل، ئاللاھتائالانىڭ نەزلىدىن كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، مەن ئۈممىتىڭگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدىم، كىم بۇ نامازلارنىڭ تاھارەت ۋاقىتلىرىغا رۇكۇ، سەجدىلىرىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ نەزلىمدە مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەھدە، ۋەدە بولىدۇ، كىم ماڭا يۇقارقىلاردىن بىرەر نەرسىنى كام قىلىپ قويۇپ ۋاپا قىلالماي ئۇچراشسا ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ نەزلىمدە ئەھدە يوق، خالىسام جازالايمەن، خالىسام رەھىم قىلىمەن، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى تەيالىسى، مۇھەممەد ئىبنى**

**نەسرلەر توپلىغان، سەھىھ.**

أتدرون ما هذان الكتابان ؟ فقال للذي في يده اليمنى : هذا كتاب من رب العالمين فيه أسماء أهل الجنة و أسماء آبائهم و قبائلهم ثم أجمل على آخرهم فلا يزاد فيهم و لا ينقص منهم أبدا ثم قال للذي في شماله : هذا كتاب من رب العالمين فيه أسماء أهل النار و أسماء آبائهم و قبائلهم ثم أجمل على آخرهم فلا يزاد فيهم و لا ينقص منهم أبدا سددوا و قاربوا فإن صاحب الجنة يختم له بعمل أهل الجنة و إن عمل أي عمل و إن صاحب النار يختم له بعمل أهل النار و إن عمل أي عمل فرغ ربكم من العباد (فريق في الجنة و فريق في السعي حم ت ن) عن ابن عمرو

**12. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى كىتابنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئاندىن ئوڭ قولىدىكى كىتابقا مۇنداق دېدى، بۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، دادىللىرىنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ باردۇر، ئاندىن ئاخىرىغىچە قىسقىچە تاماملاپ، ئىجمالى پۈتتۈرگەن زىيادە، كام قىلىنمايدۇ. ئاندىن سول قولىدىكىگە بۇمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كىتاب بۇ كىتابتا دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىممۇ بار، بۇ كىتاپمۇ ئاخىرغىچە پۈتتۈرۈلدى، زىيادە ئارتۇق كەم قىلىنمايدۇ، مەڭگۈ شۇنداق. توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، يەنى، ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن يېقىن بولۇڭلار، ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى قانداق ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەمىلى، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ بولسا، قانداق ئەمەل قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، يەنى، ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب، ئاخىرغىچە. ئاداققىچە چىڭ تۇرۇڭلار، رەببىڭلار مۇنداق دېيىش بىلەن پارىغ بولدى، يەنى ئىشنى تۈگەتتى، «ئىنسانلارنىڭ جىنلارنىڭ بىر پىرقىسى جەننەتتە، يەنە بىر پىرقىسى دوۋزاختا بولىدۇ» نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.**

أترضون أن تكونوا ربع أهل الجنة ؟ أترضون أن تكونوا ثلث أهل الجنة ؟ أترضون أن تكونوا شطر أهل الجنة ؟ إن الجنة لا يدخلها إلا نفس مسلمة و ما أنتم في الشرك إلا كالشعرة البيضاء في





جلد الثور الأسود أو كالشعرة السوداء في جلد الثور الأحمر (حم ت ه) عن ابن مسعود

**13. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/4ى بولۇشىڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ 1/3 بولۇشقىچۇ؟ ھەتتا جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمانلار كىرىدۇ. سىلەر، مۇشرىك دىنسىزلارغا نىسبەتەن تۇم، قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال ئاق تۈكچىلىك ياكى تۇم، قىزىل كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا تۈكچىلىك كېلىسىلەر، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ يەنە بىر ھەدىستە ساھابىلار خۇشاللىقتىن تەكبىر ئېيتىدۇ.**

أتعلم ؟ أول زمرة تدخل الجنة من أمتي فقراء المهاجرين يأتون يوم القيامة إلى باب الجنة و يستفتحون فيقول لهم الخزنة : أو قد حوسبتم ؟ قالوا : بأي شيء نحاسب و إنما كانت أسيافنا على عواتقنا في سبيل الله حتى متنا على ذلك ؟ فيفتح لهم فيقيلون فيها أربعين عاما قبل أن يدخلها الناس (ك هب) عن ابن عمرو

**14. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلەمسەن؟ جەننەتكە تۇنجى قېتىم كىرىدىغان جامائەت مېنىڭ ئۈممىتىمدىن، پېقىر، مۇھاجىرلاردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلار جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارغا جەننەتنى باشقۇرغۇچى خەزىنىچىلەر، سىلەر ھېساب بېرىپ بولدۇڭلارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟ قىلىچلىرىمىز ئاللاھ يولىدا مۈرىمىزگە ئېسىقلىق يۈردۇق، ھەتتا شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلدۇق دەيدۇ، ئۇلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىلىدۇ، كىشىلەر جەننەتكە كىرىشىدىن 40 يىل بۇرۇن ئۇلار جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئارام ئېلىپ بولىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھدۇر.**

اتقوا الله و صلوا خمسكم و صوموا شهركم و أدوا زكاة أموالكم طيبة بها أنفسكم و أطيعوا ذا أمركم تدخلوا جنة ربكم (ت حب ك) عن أبي أمامة

**15. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بەش ۋاخ نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار، رامىزاندا روزا تۇتۇڭلار، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى چىن قەلبىڭلاردىن رازى بولۇپ، پاكلاپ بېرىڭلار، نېمىگە بۇيرۇلساڭلار، يەنى ئىسلام خەلىپىسى نىمىگە بۇيرۇسا**

ئىتائەت قىلغانلار، شۇندا سىلەر جەننەتكە كىرىسىلەر، تىرمىزى ھاكىم ئىبنى ھەببان توپلىدى، سەھىھ.

اثنتان تدخلان الجنة : من حفظ ما بين لحييه و رجليه دخل الجنة (الخرائطي في مكارم الأخلاق) عن عائشة

**16. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى ئىش جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئىككى زاڭاق، ئىڭەك، ئارىسىنى ئىككى پۇت ئارىسىنى ساقلاش، يەنى ئىككى ئىڭىزنى، سۆز قىلىش، ئىڭىزى بىلەن ئەۋرەت ئىڭىزنى ساقلىغان كىشى، جەننەتكە كىرىدۇ، خەرائىتى توپلىغان، سەھىھ.**

احتجت الجنة و النار فقالت الجنة : يدخلني الضعفاء و المساكين و قالت النار : يدخلني الجبارون و المتكبرون : فقال الله للنار : أنت عذابي أنتقم بك ممن شئت و قال للجنة : أنت رحمتي أرحم بك من شئت و لكل واحدة منكما ملؤها (م ت) عن أبي هريرة (م) عن أبي سعيد (ابن خزيمة) عن أنس.

**17. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىيد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت بىلەن دوۋزاخ مۇنازىرلىشىپ، داۋالىشىپ قالدى، جەننەت دىدىكى، ماڭا ئاجىزلار، مىسكىنلەر كىرىدۇ، دوۋزاخ دىدىكى، ماڭا زۇلۇمكەش، زومىگەر، مۇتەكەببىرلەر كىرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ دوۋزاخقا سەن مىنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىمەن دىدى، جەننەتكە بولسا، سەن مىنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىمەن، ھەر ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر دىدى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمەلەر توپلىغان، سەھىھ.**

احضروا الجمعة و ادنوا من الإمام فإن الرجل ليتخلف عن الجمعة حتى أنه يتخلف عن الجنة و إنه لمن أهلها (حم هق الضياء) عن سمرة

**18. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۇمئەگە بالدۇر كېلىپ، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن كىشى جەننەت ئەھلى بولسىمۇ، جۇمئە نامىزىغا كېچىكىپ، ئاخىرىدا كېلىپ، جەننەتتىمۇ كېچىكىپ ئارقىسىدا قالىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.**





(أدخل الله الجنة رجلا كان سهلا مشتريا و بائعا و قاضيا و مقتضيا) حم ن ه هب عن عثمان

**19. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سېتىۋالغاندا، ساتقاندا، قەرزنى تەلەپ قىلغان، قەرىزنى قايتۇرۇپ ئادا قىلغاندا، ئاسان قىلغۇچى كىشىنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دىگەن، ئىمام سۇيۇتى سەھىھ دىگەن.**

إذا خلص المؤمنون من النار حبسوا بقنطرة بين الجنة و النار فيتقاصون مظالم كانت بينهم في الدنيا حتى إذا نقوا و هذبوا أذن لهم بدخول الجنة فوالذي نفس محمد بيده لأحدهم بمسكنه في الجنة أدل منه بمسكنه كان في الدنيا (حم خ) عن أبي سعيد

**20. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلغاندا، جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدىكى كەڭرى بىر مەيداندا توختۇتۇلۇپ ئۆزئارا دۇنيادىكى چاغدا يۈز بېرىپ قالغان، زۇلۇملارغا بىر ـ بىرىگە قىساس ئېلىپ بېرىلىپ، گۇناھدىن پاكلىنىپ، جەننەتكە لايىق ئەدەپ ـ ئەخلاق بېرىلگەندە ئاندىن ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئۆز قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى دۇنيادىكى جاينى تونىغاندىن بەكرەك جەننەتتىكى ئورۇن، جايلىرىنى تونىيالايدۇ، بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.**

إذا دخل أهل الجنة الجنة و أهل النار النار نادى مناد : يا أهل الجنة إن لكم عند الله موعدا يريد أن ينجزكموه فيقولون : و ما هو ؟ ألم يثقل الله موازيننا و يبيض وجوهنا و يدخلنا الجنة و ينجنا من النار ؟ فيكشف الحجاب فينظرون إليه فوالله ما أعطاهم الله شيئا أحب إليهم من النظر إليه ولا أقر لأعينهم (حم ه ابن خزيمة حبعن صهيب

**21. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى، جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، بىر نىدا قىلغۇچى، جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ، ئى جەننەت ئەھلى! ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىدە بىر ياخشى ۋەدە بار، ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە ھازىر ئىجرا قىلىشنى ئىرادە قىلدى، ئۇلار ئۇ نىمە؟ ئاللاھ بىزنىڭ**

مىيزانلىرىمىزنى ئېغىر قىلمىدىمۇ؟ يۈزلىرىمىزنى ئاق، نۇرلۇق قىلمىدىمۇ؟ بىزنى ئۇ دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزمىدىمۇ؟ يەنى شۇلارنى ئاللاھ قىلىپ بەرگەن تۇرسا، يەنە قايسى ئىش قالدى؟ دېگەندە، الله، پەردە ھىجاپنى كۆتۈردۇ ئۇلار الله قا رايدۇ، الله نىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىگە قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، كۆزلىرى قارار ئالغىدەك قەلبى خاتىرجەم بولغىدەك خۇشاللىق، لەززەتلىك مۇكاپاتنى بەرمەيدۇ، يەنى ئاللاھنى كۆرۈش ھەممىدىن ئالى مۇكاپاتتۇر، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ، شۇنداقلا بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ شۇنداق ھەدىسلەر بار، كىيىن كېلىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئەڭ يۇقىرى، ئالى غايىمىز، مۇراد ــ مەخسىدىمىزدۇر.

إذا دخل أهل الجنة الجنة يقول الله عز و جل: هل تشتهون شيئا فأزيدكم ؟ فيقولون: ربنا و ما فوق ما أعطيتنا ؟ فيقول: رضواني أكبر (ك) عن جابر.

**22.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا بىرەر نەرسىنى زىيادە ئارتۇق مۇكاپات قىلىپ بېرىشىمنى ئارزۇ، ئىشتىھا قىلامسىلەر؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە بەرگەندىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە باردۇ؟ دېيدۇ، ئاللاھ: مېنىڭ رازىلىقىم، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر دەيدۇ. «بۇ توغرىسىدا ئايەتتە شۇنداق بار» ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھ بىزدىن رازى بولغاي ئامىن!

«إذا سألتم الله تعالى فاسألوه الفردوس فإنه سر الجنة (طب) عن العرباض»

**23.** ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن سورىساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەققەتەن ئۇ جەننەتلەرنىڭ سىرىدۇر، يەنى ئەڭ ئەۋزەل، ئۈستۈنىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلت المرأة خمسها و صامت شهرها و حصنت فرجها و أطاعت زوجها قيل لها: ادخلي الجنة من أي أبواب الجنة شئت (حب) عن أبي هريرة

**24.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى بەش نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان ئېيىدا روزا





تۇتسا، ئەۋرتىنى ھارامدىن ساقلىسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتكە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن قايسىسىدىن كىرىشنى خالىساڭ كىرگىن دېيىلىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا عاد الرجل أخاه المسلم مشى في خرافة الجنة حتى يجلس فإذا جلس غمرته الرحمة فإن كان غدوة صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن كان عشيا صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح (حم ع هق) عن علي

**25.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كېسەل بولغاندا يوقلىسا، بارغىچە جەننەتنىڭ باغلىرىدا ماڭىدۇ، ئولتۇرغاندا بولسا، ئۇنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۆچاغ ئەتىگىنى بولسا، كەچ كىرگىچە ئۇنىڭغا 70000 پەرىشتە رەھمەت يوللايدۇ، كەچ تەرەپ بولسا، تاڭ ئاتقىچە 70000 پەرىشتە رەھمەت يوللايدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال المؤذن: الله أكبر الله أكبر فقال أحدكم: الله أكبر الله أكبر ثم قال: أشهد أن لا إله إلا الله قال: أشهد أن لا إله إلا الله ثم قال: أشهد أن محمدا رسول الله قال: أشهد أن محمدا رسول الله ثم قال: حي على الصلاة قال: لا حول و لا قوة إلا بالله ثم قال: حي على الفلاح قال: لا حول و لا قوة إلا بالله ثم قال: الله أكبر الله أكبر قال: الله أكبر الله أكبر ثم قال: لا إله إلا الله قال: لا إله إلا الله من قلبه دخل الجنة (م د) عن عمر.

**26.** ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، بىرىڭلار مۇشۇنداق دېسە، ئۇ ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا دېگەندە، بىرىڭلارمۇ شۇنداق دېسە، ئۇ ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ! دېگەندە يەنە شۇنداق دېسە، ھەييە ئەلەسسالاھ دېگەن لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېسە، ھەييە ئەلەلپەلاھ دېگەندە يەنە شۇنداق دېسە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، شۇنداق دېسە، لائىلاھە ئىللەللاھ! دېگەندە بىرىڭلارمۇ شۇنداق دېسە، چىن دىلىدىن دېسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا قرأ ابن آدم السجدة فسجد اعتزل الشيطان يبكي يقول: يا ويله أمر ابن آدم بالسجود

فسجد فله الجنة و أمرت بالسجود فعصيت فلي النار (حم م ه) عن أبي هريرة

**27. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان ئۇنىڭدىن يىغلىغان ھالەتتە ئايرىلىپ مۇنداق دەپ كېتىدۇ، ئىسسىت! ۋايجان ـ ۋايەي! ئاھ! پاھ! ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلدى، مەن سەجدىگە بۇيرۇلۇپ سەجدە قىلماي ئاسىي بولۇپ، ماڭا دوۋزاخ بولدى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن ناماز سەجدىسىنى قىلمىسا، يەنىلا دوۋزاخقا كىرىدۇ،دىگەن چىقىدۇ.**

إذا كان يوم القيامة شفعت فقلت: يا رب أدخل الجنة من كان في قلبه خردلة من إيمان فيدخلون ثم يقول: أدخل الجنة من كان في قلبه أدنى شيء (خ) عن أنس.

**28. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى بولغاندا، مەن شاپائەت قىلىمەن، مۇنداق دەيمەن، ئى رەببىم ئاللاھ، قەلبىدە بىر تال قىچا چاغلىق ئىمان بار كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزسەم دەيمەن، ئاندىن ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قەلبىدە ئەڭ تۆۋەن كىچىك نەرسىدىنمۇ ئەڭ تۆۋەن كىچىك ئىمان بار كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.**

إذا مات ولد العبد قال الله تعالى لملائكته: قبضتم ولد عبدي ؟ فيقولون: نعم فيقول: قبضتم ثمرة فؤاده ؟ فيقولون: نعم فيقول: ماذا قال عبدي ؟ فيقولون: حمدك و استرجع فيقول الله تعالى: ابنوا لعبدي بيتا في الجنة و سموه بيت الحمد (ت) عن أبي موسى.

**29. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر كىشىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ، پەرىشتىلەرگە بەندە مىنىڭ، بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەپ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، ئۇلار شۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ: يۈرىكىنىڭ مېۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ: ئۇلار شۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ: بەندەم نېمە دېدى؟ دەيدۇ، ئۇلار سىلىگە ھەمدە ئېيتتى، بىز ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەپ سەۋرى قىلدى دەيدۇ، ئاللاھ: بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىڭلار، ئۇ ئۆينى ھەمدە ئۆيى دەپ ئاتاڭلار دەيدۇ، تىرمىزى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن، بۇ ھەدىستىن بالىلار، ئاتا ـ ئانىلار، يېقىن تۇغقانلار، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇبلار ئۆلۈپ كەتسە، يەنىلا ئاللاھقا شۈكرى قىلىش، ھەمدە ئېيتىش لازىم دىگەن چىقىدۇ.**





أربعون خصلة أعلاهن منحة العنز لا يعمل عبد بخصلة منها رجاء ثوابها و تصديق موعودها إلا أدخله الله تعالى بها الجنة (خ د حم) عن ابن عمرو

**30. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىرىق خىسلەت ئىش بار، يۇقىرىسى سېغىن ھايۋاننى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش، شۇ 40 خىسلەت ئىشىدىن بىرىنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ،ساۋاپقا بېرىلگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئەمەل قىلغان بەندىنى، يەنى بىرىگە ئەمەل قىلغان بەندىنى ئاللاھ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىغان، بۇخارى 2438 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1433 ـ ھەدىس، ئەھمەد، 6200 ـ 6537 ـ ھەدىس، سەھىھ.**

أرواح المؤمنين في أجواف طير خضر تعلق في أشجار الجنة حتى يردها الله إلى أجسادها يوم القيامة (طب) عن كعب بن مالك وأم مبشر

**31. كەئبى ئىبنى مالىك، ئۇممە بەشەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەرنىڭ روھلىرى، ئاللاھ ئۇلارنى جەسەدلەرگە قايتۇرغانغا قەدەر، يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا جەننەت دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ يۈرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.**

أشهد أن لا إله إلا الله و أني رسول الله لا يلقى الله بهما عبد غير شاك فيهما إلا دخل الجنة حم م) عن أبي هريرة

**32. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھەرقانداق بىر بەندە مۇشۇ شاھادەت بىلەن شەك قىلمىغان ھالدا، ئاللاھقا ئۇچقاشسا، شەكسىز گۇۋاھلىق بەرسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.**

اضمنوا لي ستا من أنفسكم أضمن لكم الجنة اصدقوا إذا حدثتم و أوفوا إذا وعدتم و أدوا إذا ائتمنتم و احفظوا فروجكم و غضوا أبصاركم و كفوا أيديكم (حم حب ك هب) عن عبادة بن

الصامت.

**33. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ماڭا ئالتە ئىشقا كېپىل بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولىمەن، 1 ـ سۆزلىگەندە راست، سەمىمىي سۆزلەڭلار، 2 ـ ۋەدە قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، 3 ـ سىلەرگە ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلماستىن ئادا قىلىڭلار، 4 ـ ئەۋرىتىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، 5 ـ كۆزۈڭلارنى ھارامدىن يۇمۇڭلار، 6 ـ قولۇڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.**

أطفال المؤمنين في جبل في الجنة يكفلهم إبراهيم و سارة حتى يردهم إلى آبائهم يوم القيامة (حم ك هق في البعث) عن أبي هريرة

**34. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەرنىڭ كىچىك باللىرى (يەنى روھلىرى) جەننەتتىكى بىر تاغدا بولۇپ، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن سارە، كېپىل بولۇپ تۇرۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.**

أعطيت سبعين ألفا من أمتي يدخلون الجنة بغير حساب وجوههم كالقمر ليلة البدر قلوبهم على قلب رجل واحد فاستزدت ربي عز و جل فزادني مع كل واحد سبعين ألفا (حم) عن أبي بكر

**35. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا ئۇممىتىمدىن 70000 كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى 14 كۈنلۈك تۇلۇن ئايدەك نۇرلۇقتۇر، دىللىرى بولسا بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك پاك، ساپتۇر، مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىدىن يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشنى سورىدىم، ئاندىن ئاللاھ ماڭا يۇقىرقى 70000 كىشىدىن ھەربىر كىشى بىلەن بىللە يەنە 70000 كىشىنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشىنى بەردى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ 70000 × 70000**

**تۆت مىليارت 900 مىليون بۇلىدۇ = 4900000000.**

**(يەنى شۇنداق كۆپ دىگەن مەنىدە)**





أفش السلام و أطعم الطعام و صل الأرحام و قم بالليل و الناس نيام و ادخل الجنة بسلام (حم حب ك) اب هريرة

**36. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: سالام قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاشكارا قىل، تائام بەرگىن، سىلە رەھىم قىل، كىشىلەر ئۇخلىغاندا كېچىسى قوپۇپ، ناماز ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، جەننەتكە تىنچ، سالامەت ھالدا كىرىسەن، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

أفضل الشهداء الذين يقاتلون في الصف الأول فلا يلفتون وجوههم حتى يقتلوا أولئك يتلبطون في الغرف العلى من الجنة يضحك إليهم ربك فإذا ضحك ربك إلى عبد في موطن فلا حساب عليه (حم طب) عن نعيم بن همار

**37. نۇئەيم ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، ئۇياق ـ بۇياققا قارىماي، بىرىنچى سەپتە ئۇرۇش قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋەتلىك مېھمانخانىلىرىدا ئۈستۈن دەرىجىلىك مەنزىللەردە كەڭ تاشا يۇمىلاپ يۈرىدۇ، ئۇلارغا رەببىڭ ئاللاھ كۈلىدۇ، رەببىڭ بىرەرجايدا بىرەر بەندىگە كۈلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېساب ئېلىش بولمايدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، بۇ ھەدىستە شېھىدنىڭ يۇقىرى مەرتىبىسى، ئالدىنقى دەرىجىسى سۆزلەندى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كۈلۈش سۈپىتى سۆزلەندى، ئاللاھ كۈلىدۇ، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كۈلىدۇ، ئوخشىشى يوقتۇر، كەيپىياتى بىزگە بۇ دۇنيادا نامەلۇمدۇر، ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىش ۋاجىپتۇر، كەيپىياتتىن سۇئال سوراش بىدئەتتۇر، ئاللاھنىڭ قولى، كۆزى كۈلىشى، چۈشۈشى، كېلىشى قەتئىي ئوخشىشى يوق، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە، ئۇ خالىق ياراتقۇچىدۇر.**

أفضل نساء أهل الجنة خديجة بنت خويلد و فاطمة بنت محمد و مريم بنت عمران و آسية بنت مزاحم امرأة فرعون (حم طب ك) عن ابن عباس.

**38. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى، خەدىچە يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى ئايالى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، فىرئەۋنىنىڭ ئىمان ئېيتقان ئايالى**

مەزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيەدۇر، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان،

أكثر من السجود فإنه ليس من مسلم يسجد لله تعالى سجدة إلا رفعه الله بها درجة في الجنة و حط عنه بها خطيئة (ابن سعد حم) عن أبي فاطمة

39. ئەبۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەجدىنى كۆپ قىلىپ بەرگىن. ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاللاھتائالاغا بىر سەجدە قىلسىلا ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەجدە باراۋىرىگە جەننەتتە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ، ئۇ كىشىدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. ئىبنى سەئىد بىلەن ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. نامازنى كۆپ ئوقۇغۇچىلار، قۇرئان سەجدىسىنىمۇ كۆپ قىلىڭلار.

أكثر من لا حول و لا قوة إلا بالله فإنها من كنز الجنة (ع طب حب) عن أبي أيوب

40. ئەبۇ ئەييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى تائەت ـ ئىبادەتلەرگە، مەئسىيەتتىن يېنىشقا پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا كۈچ ـ قۇۋۋەت بار، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر» دېگەن، بۇ كەلىمىنى كۆپ دېگىن، چۈنكى، بۇ كەلىمە، جەننەتنىڭ كاڭلىرىدىن ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) أكثروا من غرس الجنة فإنه عذب ماؤها طيب ترابها فأكثروا من غراسها : لا حول و لا قوة إلا بالله (طب) عن ابن عمر

41. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ تۇپرىقى پاك، مۇنبەت، سۈيى تاتلىق، ئۇنىڭغا دەرەخلەرنى كۆپ تىكىۋېلىڭلار، ئۇ بولسا، لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېگەن كەلىمىنى كۆپ دېيىشتۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

(حسن) الزم رجلها فثم الجنة (ه) عن معاوية بن جاهمة

42. مۇئاۋىيەئىبنى جاھىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ





ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئاناڭنىڭ پۇتى ئاستىدا. ئاناڭنى لازىم تۇتۇپ ياخشىلىق قىلغىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

الزمها فإن الجنة تحت أقدامها – يعني الوالدة – (حم ن) عن جاهمة

43. جاھىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، ھەقىقەتەن جەننەت ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىدۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن، ھەدىسىدىن مەخسەت ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ئوچۇق سۆزلەنگەن.

أما فتنة الدجال فإنه لم يكن نبي إلا قد حذر أمته و سأحذركموه بحديث لم يحذره نبي أمته إنه أعور و إن الله ليس بأعور مكتوب بين عينيه كافر يقرأه كل مؤمن ؛ و أما فتنة القبر فبي تفتنون و عني تسألون فإذا كان الرجل الصالح أجلس في قبره غير فزع ثم يقال له : ما هذا الرجل الذي كان فيكم ؟ فيقول : محمد رسول الله جاءنا بالبينات من عند الله فصدقناه فيفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال له : انظر إلى ما وقاك الله ثم يفرج له فرجة إلى الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له : هذا مقعدك منها و يقال له : على اليقين كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله و إذا كان الرجل السوء أجلس في قبره فزعا فيقال له : ما كنت تقول ؟ فيقول : لا أدري فيقال : ما هذا الرجل الذي كان فيكم ؟ فيقول : سمعت الناس يقولون قولا فقلت كما قالوا فيفرج له فرجة من قبل الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له : انظر إلى ما صرف الله عنك ثم يفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا و يقال : هذا مقعدك منها على الشك كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله ثم يعذب (حم) عن عائش

44. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما، دەججال پىتنىسىگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۈممىتىنى ھەزەر قىلدۇرۇپ، ئاگاھلاندۇردى، مەنمۇ سىلەرنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۈممىتىنى ھەزەر قىلدۇرۇپ باقمىغان بىر سۆز ھەدىس بىلەن ھەزەر قىلدۇرىمەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس، (ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئىككى كۆزى بار، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، بۇ سۆزنى دېيىشتىكى مەخسەت، دەججال ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ) دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا

يەنى پىشانىسىگە «كافىر» دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەرقانداق مۆئمىن كىشى ئوقىيالايدۇ، ئەمما، قەبرە پىتنىسىگە كەلسەك، سىلەر مەن سەۋەبلىك يەنى مەن توغرىلىق سوئال سورىلىپ، پىتنىگە قالىسىلەر، مەن توغرىسىدا سىلەردىن سورىلىدۇ، ياخشى، سالىھ كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچۈتمەسىدىن ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مۇنداق دېيىلىدۇ، ئاراڭلاردىكى بۇ ئەر توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ ياخشى كىشى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن رۇشەن مۆجىزە ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، بىز ئۇنى تەستىقلاپ ئىشەندۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخ تەرەپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ دوۋزاخقا قارىسا، دوۋزاخ بەزىسى بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتىدەك، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاللاھ سىنى ساقلىغان نەرسىگە قارا دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرەپكە بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتنىڭ باغلىرىغا، گۈزەل زىننەتلىرىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە قارايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مانا بۇ جەننەتتىكى سېنىڭ جايىڭ دېيىلىدۇ، ۋە سەن دۇنيادا شەكسىز ئىشەنچە، ئىمان ئۈستىدە ئىدىڭ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا شۇنىڭ ئۈستىدە تىرىلىسەن. ئەگەر ئۇ يامان كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچۈتۈلۈپ، قورقۇتۇلۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن نېمە دەيسەن؟ دېيىلسە، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاراڭلاردىكى بۇ كىشى زادى قانداق كىشى؟ دەپ سورالسا، ئۇ مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ شۇلار دىگەندە؛ دەپ قويغان دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ جەننەتتىكى نەرسىلەرگە، گۈزەللىكىگە قارايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاللاھ سەندىن چۆرىۋەتكەن، سەن قۇرۇق قالغان نەرسىگە قارا دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ دوۋزاخقا قارىسا، بەزىسى – بەزىسىنى قىززىقلىقىدىن يەپ كېتىۋاتقىدەك، ئۇنىڭغا مانا بۇ سېنىڭ مەڭگۈلۈك جايىڭ، سەن دۇنيادا تەۋھىدگە، ئاللاھ، ئاخىرەتكە شەك قىلىشتا ئىدىڭ، ۋە شۇ شەك ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا، يەنىلا شۇ شەك ئۈستىدە تىرىلىسەن دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازابلىنىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

أنا أول الناس يشفع في الجنة و أنا أكثر الأنبياء تبعا (م) عن أنس

**45.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەت توغرىسىدا شاپائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى بولىمەن، پەيغەمبەرلەر ئىچىدە مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم ئەڭ كۆپتۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. باشقا كىتابلاردىمۇ بار.





أنا زعيم بيت في ربض الجنة لمن ترك المراء و إن كان محقا و بيت في وسط الجنة لمن ترك الكذب و إن كان مازحا و بيت في أعلى الجنة لمن حسن خلقه (د الضياء) عن أبي أمامة

**46.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن، گەرچە توغرا ھەقىقەتنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئىشىدا، داۋاسىدا ھەق قىلغان بولسىمۇ جىدەل، مۇنازىر ئىختىلابىنى تەرىك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ چۆرىسىدىكى، ئەتراپىدىكى بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، گەرچە چاخچاق قىلىۋاتقان بولسىمۇ يالغان سۆزلەشنى تەرىك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، ئەخلاقى ياخشى، گۈزەل كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەرتىبىسىدىن بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن. چاخچاق قىلىپمۇ يالغان سۆزلىمە دىگەن ھەدىس بار، ئىختىلاپ قىلىشماسلىق، ئىتتىپاقلىق كۈچ، غەلىبىنىڭ ئاساسى، ئەخلاقى ياخشى بۇلۇش قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە كۆپ كېلىدۇ.

أنا زعيم لمن آمن بي و أسلم و هاجر ببيت في ربض الجنة و بيت في وسط الجنة و بيت في أعلى غرف الجنة و أنا زعيم لمن آمن بي و أسلم و جاهد في سبيل الله ببيت في ربض الجنة و بيت في وسط الجنة و بيت في أعلى غرف الجنة فمن فعل ذلك لم يدع للخير مطلبا و لا من الشر مهربا يموت حيث شاء أن يموت (ن حب ك) عن فضالة بن عبيد

**47.** پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىپ مۆئمىن مۇسۇلمان بولغان، ھىجرەت قىلغان كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئەتراپىدىن بىر ئۆي، ئوتتۇرىدا بىر ئۆي، ئەڭ ئۈستۈن مېھمانخانىسىدا بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشى ئۈچۈنمۇ، يۇقىرقى جايلاردىكى ئۈچ ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، كىم شۇنداق قىلالىسا، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىدىغان جاينى، يامانلىقدىن قاچىدىغان جاينى قالدۇرمىغان بولىدۇ، يەنى (بارلىق ياخشىلىقنى قىلغان بارلىق يامانلىقدىن قاچقان بولىدۇ) قايسى جايدا ئۆلۈشنى خالىسا، شۇ جايداخاتىرجەم ئۆلىسۇن، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أنا سيد الناس يوم القيامة و هل تدرون مم ذلك ؟ يجمع الله الأولين و الآخرين في صعيد واحد يسمعهم الداعي و ينفذهم البصر و تدنو الشمس منهم فيبلغ الناس من الغم و الكرب

ما لا يطيقون و لا يحتملون فيقول بعض الناس لبعض: ألا ترون ما قد بلغكم ؟ ألا تنظرون من يشفع لكم إلى ربكم ؟ فيقول بعض الناس لبعض: ائتوا آدم فيأتون آدم فيقولون: يا آدم أنت أبونا أنت أبو البشر خلقك الله بيده و نفخ فيك من روحه و أمر الملائكة فسجدوا لك اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم آدم: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه نهاني عن الشجرة فعصيته نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى نوح ؛ فيأتون نوحا فيقولون: أنت أول الرسل إلى أهل الأرض و سماك الله (عبدا شكورا اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم نوح: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه قد كانت لي دعوة دعوت بها على قومي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى إبراهيم ؛ فيأتون إبراهيم فيقولون: يا إبراهيم ؟ أنت نبي الله و خليله من أهل الأرض اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم إبراهيم: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قد كنت كذبت ثلاث كذبات نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى موسى ؛ فيأتون موسى فيقولون: يا موسى ! أنت رسول الله فضلك الله برسالاته و بكلامه على الناس اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قتلت نفسا لم أومر بقتلها نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى عيسى ؛ فيأتون عيسى ! فيقولون: يا عيسى أنت رسول الله و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و كلمت الناس في المهد اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم عيسى: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى محمد ؛ فيأتوني فيقولون: يا محمد ! أنت رسول الله و خاتم الأنبياء و غفر الله لك ما تقدم من ذنبك و ما تأخر اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ ؛ فأنطلق فآتي تحت العرش فأقع ساجدا لربي ثم يفتح الله علي و يلهمني من محامده و حسن الثناء عليه شيئا لم يفتحه لأحد قبلي ثم يقال: يا محمد ! ارفع رأسك سل تعط و اشفع تشفع فأرفع رأسي فأقول: يا رب ! أمتي أمتي فيقال: يا محمد أدخل الجنة من أمتك من لا حساب عليه من الباب الأيمن من أبواب الجنة و هم شركاء الناس فيما سوى ذلك من





الأبواب و الذي نفسي بيده إن ما بين مصراعين من مصاريع الجنة لكما بين مكة و هجر أو كما بين مكة و بصرى). (حم ق ت) عن أبي هريرة.

**48.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ، چاقىرىقچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپىي بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەم ـ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ، بەزىسى بەزىسىگە مۇنداق دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشۇققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسىگە، ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دادىسى، ئاللاھ سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى پۈۋدىدى، پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى، (مەخسەت سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ. بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟. ئادەم ئاتا ئۇلارغا : ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس، ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى دەرەخنى يېيىشتىن توسقان ئىدى، مەن ئاسىي بولدۇم، بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن، مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلا دەيدۇ، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكىر قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلىپ قىلساڭ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنىمىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم، مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز

ھالىم بىلەن قالدىم، مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بىرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلارەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زېمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىلى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن، مۇشەققەتكە قارىماملا؟ ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سىلىنى ئەلچى قىلىش، سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، ھالىمىزغا قارىماملا؟ دەپ يالۋۇرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئۈچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەريەم ئانىغا تاشلىغان، كۈن دېگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان روھ، سىلى كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان، دېمەك، سىلى شۇنداق ئۇلۇغ، بىز ئۈچۈن ئاللاھدىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم ـ قايغۇغا قارىماملا؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، (بۇ غەزەپ زالىملاردىن دىنسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان، بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىماملا؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەم، غەيىم ـ قايغۇ، قورقۇنچلارنى كۆرمەملا، بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا، ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇسانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ،





(دېمەك، شۇ ھەمدۇسانا، ئىسىم ئەزەملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇدېيىلىدۇ، ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئۈممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن كىرگۈزگىن، ئۇلارۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن باشقا ئىشىكلەردە شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى ئىشىكىنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر، (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، بۇخارى 3092 ـ، 3111 ـ ھەدىس، مۇسلىم 287 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2358 ـ ھەدىس، نەسەئى 1128 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9250 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېگەن، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار دېگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۆلەنمەسلىك، گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۆلىنىۋالماي بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى! دېگەن بار، شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

(صحيح) أنا و كافل اليتيم في الجنة هكذا (حم خ د ت) عن سهل بن سعد

**49**. سەھلى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ۋە يېتىمگە كېپىل بولغۇچى، جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمىز دەپ ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أنا وكافل اليتيم له أو لغيره في الجنة والساعي على الأرملة و المسكين كالمجاهد في سبيل الله

(طس) عن عائشة

**50**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئۆزى ئۈچۈن بولغان يېتىمگە ياكى باشقىلار ئۈچۈن بولغان يېتىمگە كېپىل بولغۇچى، جەننەتتە مەن بىلەن بىللە بولىدۇ. تۇل ئاياللارغا، مىسكىنلەرگە خىزمەت قىلىپ، سەئيي ئەمەل قىلغۇچى، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر، بۇ ھەدىس، ئەۋسەت دېگەن كىتابتا بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

انتدب الله لمن خرج في سبيله لا يخرجه إلا إيمان بي و تصديق برسلي أن أرجعه بما نال من أجر أو غنيمة أو أدخله الجنة و لو لا أن أشق على أمتي ما قعدت خلف سرية و لوددت أني أقتل في سبيل الله ثم أحيا ثم أقتل ثم أحيا ثم أقتل ثم أحيا (حم ق ن) عن أبي هريرة

**51.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە مۇنداق دەپ كېپىل بولدى، تەقدىر قىلدى، جاۋاب بەردى، بۇ بەندەمنى ئۆيىدىن جەڭ مەيدانىغا پەقەت ماڭا ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش ئەلچىلىرىمنى تەستىقلاپ ئىشىنىشلا چىقاردى، ئۇنداق بولغانىكەن، مەن ئۇنى يا ئۇ ئېرىشىدىغان ئەجىر، ساۋاب بىلەن، غەنىيمەت بىلەن قايتۇرىمەن، ياكى ئۇنى شېھىد قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ھېچبىر بىر قوشۇننىڭ ئارقىسىدا جىھاددىن ئارقىدا قېلىپ ئولتۇرمايتتىم، ئەلۋەتتە مەن شەك – شۈبھىسىز ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى ئاندىن تىرىلىپ، يەنە ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى ئاندىن تىرىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى ئاندىن تىرىلىپ يەنە... بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارى **35** – ھەدىس، مۇسلىم **3485** – ھەدىس، نەسەئى **3101** – ھەدىس، ئىبنى ماجە **2743** – ھەدىس، ئەھمەد **6860** – ھەدىس، مالىك **883** – ھەدىس، دارمى **2284** – ھەدىس، سەھىھ. مۇشەققەتكە سالماسلىقى، **1** – كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، **2** – جىھادقا چىقماي ئارقىدا ئولتۇرغانلارغا بولۇپمۇ ھازىر مۇشەققەت كېلىپ قالاتتى، ھازىر ئەسكەرلەر چىقىدۇ، قالغانلار ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە چىقماي خەلىپە بولۇپ تۇراتتى، لېكىن، نۇرغۇن جەڭگە ئۆزى قاتناشقان، **3** – نەرسە تاپالماي چىقالمايدىغانلار بىلەن بىللە قېلىشى بار.

انتسب رجلان على عهد موسى فقال أحدهما : أنا فلان بن فلان حتى عد تسعة فمن أنت لا أم لك ؟ قال : أنا فلان بن فلان ابن الإسلام فأوحى الله إلى موسى أن قل لهذين المنتسبين : أما أنت





أيها المنتسب إلى تسعة في النار فأنت عاشرهم في النار و أما أنت أيها المنتسب إلى اثنين في الجنة فأنت ثالثهما في الجنة (ن هب الضياء) عن أبي

**52.** ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىككى كىشى نەسەپ داۋاسى قىلىشىپ، بىرسى مۇنداق دېدى، مەن دېگەن پالانى پالانىنىڭ بالىسى دەپ جاھالىيەتتىن توققۇز كىشىنى ساناپ بېرىپ سەن دېگەن كىم؟ سېنىڭ ئاناڭ يوق نەرسە، بىر نەسەبسىز كىشىسەن دېدى، ئىككىنچىسى، مەن ئىسلامغا مەنسۇپ بولغان پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىمەن، ئىسلام ئوغلى بولىمەن، بۇ كۆپايە دېدى، ئاللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى ئارقىلىق ئۇلارغا مۇنداق دېگىن، ئەمما سەن ئى دوۋزاختىكى توققۇز كىشىگە نەسەبىڭنى ئۇلىغان نەسەپ خۇمارى، سەن بولساڭ، دوۋزاخدا ئۇلارنىڭ ئونىنچىسى بولىسەن، ئەمما سەن ئى نەسەبىنى جەننەتتىكى ئىككى كىشىگە ئۇلاپ، ئىسلامغا مەنسۇپ بولغان، كىشى، سەن جەننەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنسى بولىسەن، نەسەئى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن نەسەپ داۋاسى ھارامدۇر، چۈنكى، نەسەپ داۋاسىنى قىلغۇچىغا دوزاخ ۋەدە قىلىندى، سەن نەسەپ - ھەسەپ مىللەت رەڭ، تىل، قەبىلە، يۇرتنى قويۇپ، ئىسلام، ئىمان دېگىن.

(صحيح) إن أبواب الجنة تحت ظلال السيوف (حم م ت) عن أبي موسى

**53.** ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچ سايىسى ئاستىدا، ئەھمەد، مۇسلىم تىرمىزى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، خۇددى جەننەت ئانىنىڭ تاپىنى ئاستىدا دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جەننەتكە كىرگەندەك، جەڭ مەيدانىغا بارتۇلارچە قىلىچ ئوينۇتۇپ كىرىپ شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

إن أحدكم يجمع خلقه في بطن أمه أربعين يوما نطفة ثم يكون علقة مثل ذلك ثم يكون مضغة مثل ذلك ثم يبعث الله إليه ملكا و يؤمر بأربع كلمات و يقال له : اكتب عمله و رزقه و أجله و شقي أو سعيد ثم ينفخ فيه الروح فإن الرجل منكم ليعمل بعمل أهل الجنة حتى لا يكون بينه و بينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل النار فيدخل النار و إن الرجل ليعمل بعمل أهل النار حتى ما يكون بينه و بينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل الجنة فيدخل الجنة (ق

4) عن ابن مسعود .

**54. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ يارىلىشى، ئانا قورسىقىدا 40 كۈن مەنىي، ئىسپىرما ھالەتتە جۇغلىنىپ تۇرىدۇ، ئاندىن شۇنىڭدەك يەنە 40 كۈن لەختە قان ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاندىن يەنە 40 كۈن چاينالغان گۆشتەك تۇرىدۇ، ئاندىن تۆت ئايدىن كىيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ تۆت كەلىمىنى پۈتۈشكە بۇيرۇلۇپ، مۇنداق دىيىلىدۇ، ئۇ بالىنىڭ ئەمىلىنى، رىزقىنى، ئەجەل، ئۆمرىنى شەقى، يا سائادەتمەن ئىكەنلىكىنى يازغىن (يەنە بىر خاتىرىدە بولسا، جاۋا بېرىلىدۇ) ئاندىن روھ، جان پۈۋدىلىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرقى شەقى دەپ يېزىلىشى ئىلگىرلەپ كېتىدۇ ـدە، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ، دوۋزاخقا كىرىدۇ، (مانا شۇ ئەھۋالنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، شۇنداق يازغاندۇر) ھەقىقەتەن بىر كىشى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا، ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرقى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازغان سائادەتمەن بولۇش ئىلگىرلەيدۇ ـدە، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، (چۈنكى، ئارىلىقى بىر گەزلا قالغان ـدە) بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. تۆت كىتاب، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە.**

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:**

**1 ـ تۆرەلمە ئىلمىدىكى مۆجىزە، بولۇپمۇ ئېنىق بولغان كۈن سانى، توپلىنىدۇ، جۇغلۇنىدۇ دىگەن سۆز، ئۇ ئىسپىرما ھۈجەيرىسى بولۇپ، بۇلارمۇ جۇغلىنىدۇ، شۇنداقلا ھازىر ھەدىسكىدەكلا ئىسپاتلاندى.**

**2 ـ رىزق، ئەجەل توشقاندا، راستىنلا ئۆلۈۋاتىدۇ.**

**3 ـ روھ، جاننىڭ پۈۋلىنىشى باشقا ئالەمدىن كېلىشدۇر.**

**4 ـ كىشلەرنىڭ راستىنلا ئىككى تائىپە بولۇشى.**

**5 ـ تەقدىر، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش.**

**6 ـ ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى ۋە پۈتۈشى.**





**7 ـ ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب بولۇشى.**

**8 ـ ئۆلەر ۋاختىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، تۆۋبە قىلسۇن دەپ بۇنى سۆزلىگەن.**

**9 ـ بىز بۇرۇنلائالدىن بىلىپ يازغاننى قىلىمىز،ئەمەلىيەتتە بىز قىلىدىغاننى بىلىپ يازغاندۇر.**

**10 ـ بۇھەدىستا الله، بۇرۇنقىنى،ھازىرقىنى،ۋەكەلگوسىدىكىنى بىراقلام ئالدىن بىلىدۇ دىگەن چىقىدۇ.**

إن أدنى أهل الجنة منزلا رجل صرف الله وجهه عن النار قبل الجنة و مثل له شجرة ذات ظل فقال : أي رب قدمني إلى هذه الشجرة فأكون في ظلها فقال الله : هل عسيت أن تسألني غيره ؟ قال : لا و عزتك فقدمه الله إليها و مثل له شجرة ذات ظل و ثمر فقال : أي رب قدمني إلى هذه الشجرة فأكون في ظلها و آكل من ثمرها فقال الله : هل عسيت إن أعطيتك ذلك أن تسألني غيره ؟ فيقول : لا و عزتك فيقدمه الله إليها فيمثل الله له شجرة أخرى ذات ظل و ثمر و ماء فيقول : أي رب قدمني إلى هذه الشجرة فأكون في ظلها و آكل من ثمرها و أشرب من مائها فيقول له : هل عسيت إن فعلت أن تسألني غيره ؟ فيقول : لا و عزتك لا أسألك غيره فيقدمه الله إليها فيبرز له باب الجنة فيقول : أي رب قدمني إلى باب الجنة فأكون تحت سجاف الجنة فأرى أهلها فيقدمه الله إليها فيرى الجنة و ما فيها فيقول : أي رب أدخلني الجنة فيدخل الجنة فإذا دخل الجنة قال : هذا لي ؟ فيقول الله له : تمن فيتمنى و يذكره الله عز و جل سل من كذا و كذا حتى إذا انقطعت به الأماني قال الله : هو لك و عشرة أمثاله ثم يدخله الله الجنة فيدخل عليه زوجتاه من الحور العين فيقولان : الحمد لله الذي أحياك لنا و أحيانا لك فيقول : ما أعطي أحد مثل ما أعطيت و أدنى أهل النار عذابا ينعل من نار بنعلين يغلي دماغه من حرارة نعليه (حم م) عن أبي سعيد

**55. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ مەنزىلى، مەرتىبىسى ئەڭ تۆۋەن كىشىسى بولسا، ئاللاھ يۈزىنى دوۋزاخدىن جەننەت تەرىپكە چۆرگەن كىشىدۇر، ئاللاھ ئۇنىڭغا سايىلىق بىر دەرەخنىڭ سۈرىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ، بۇنى كۆرۈپ مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم! مىنى بۇ دەرەخنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويساڭ، مەن ئۇنىڭ سايىسىدا بولسام، ئاللاھ**

ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنداق قىلسام، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىمۇ مەندىن سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنى يېقىن قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۈن سايىسى، مېۋىسى بار، بىر تۈپ دەرەخنى ھاسىل قىلىدۇ، كۆرسىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەي رەببىم، مېنى بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېقىن قىلساڭ، سايىدىسام، مېۋىسىنى يېسەم دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنى بەرسەم، مەندىن يەنە باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ يەنە ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ھەرگىز سورىمايمەن دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنى يېقىن قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئارقىسىدىنلا سايىسى، مېۋىسى، سۈيى بار، بىر تۈپ دەرەخنى ھاسىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.ئاندىن ئۇ قەسىمىنى بۇزۇپ، ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىسىدا سايىدىسام، مېۋىسىنى يېسەم، سۈيىنى ئىچسەم دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەگەر شۇنداق قىلسام، مەندىن يەنە باشقىسىنى سورايسەن دەيدۇ، ئۇ ياق، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھەرگىز سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنى بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاشكارىلاپ كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئاندىن ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويساڭ، مەن جەننەتنىڭ پەردىسىنىڭ يوچۇقىدا تۇرۇپ، جەننەت ئەھلىنى كۆرۈۋالسام دەيدۇ، ئاللاھ بۇ قېتىم قەسەم قىلدۇرمايلا ئاپىرىپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇ جەننەتنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئى رەببىم! مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، دەپ سورايدۇ، ئاندىن ئۇ جەننەتكىمۇ كىرىدۇ، جەننەتكە كىرىپ، ئاھ! مانا بۇ مېنىڭ بولدى دەپ خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا! دەيدۇ، ئۇ ئارزۇ قىلىپ، ئارزۇسىنى تۈگەتكەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ، ئانى سورا، مانى سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئۈزۈلۈپ، پەقەت تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ جەننەت، ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە سېنىڭ بولسۇن دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە رەسمىي، ھەقىقى كىرگۈزگەندە، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ھۆرلىئەيىن يەنى خوما كۆزلۈك، شەھلا كۆزلۈك، كۆزلىرى گۈزەل، يۈزلىرى گۈزەل، جەننەت ئاياللاردىن ئىككى ئايال كىرىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: بارلىق ھەمدۇسانالار سىنى بىزگە بىزنى ساڭا ياراتقان ئاللاھقا خاستۇر دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندە ماڭا بېرىلگەن بۇ مۇكاپاتلار ھېچكىشىگە بېرىلمىدى دەپ قالىدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ئىدى) ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابتا ئەڭ تۆۋەن ئازابلىنىدىغان كىشىگە ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيدۈرۈلىدۇ، شۇ ئوتتىن بولغان ئىككى ئاياغنىڭ ھارارەت، قىززىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى، دىمىغى قاينايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ۋە





ئادىللىقى، مانا بۇ ئىككى غايە، ئىككى قارارگاھ، مانا بۇ ئىككى مەنزىلنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، يۇقىرىسى قانداق بولار ھە؟! ئاللاھ بىزنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!

إن أزواج أهل الجنة ليغنين أزواجهن بأحسن أصوات ما سمعها أحد قط إن مما يغنين: ؛ نحن الخيرات الحسان أزواج قوم كرام ؛ ينظرن بقرة أعيان ؛ و إن مما يغنين به: ؛ نحن الخالدات فلا يمتنه نحن الآمنات فلا يخفنه ؛ نحن المقيمات فلا يظعنه (طس) عن ابن عمر

**56.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىگە ئەڭ گۈزەل ئاۋازلار بىلەن ناخشا ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇ ناخشىنى ھېچبىر كىشى ئاڭلاپ باقمىغان، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىدا مۇنداق سۆزلەر بار، بىز ئەڭ ياخشى، گۈزەل ۋە ئەخلاقلىق ئاياللار، ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ قەۋمنىڭ ئاياللىرى ئۇلار ناخشا ئېيتقاچ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، كىشىنى خۇرسەن قىلىپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدىن يەنە مۇنداق سۆزلەر بار، بىز مەڭگۈلۈكمىز ھەرگىز ئۆلمەيمىز، بىز خاتىرجەم، ئەمىنمىز، ھەرگىز قورقمايمىز، بىز مۇقىم تۇرىمىز، ھەرگىز كۆچمەيمىز، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

إن أقواما يخرجون من النار يحترقون فيها إلا دارات وجوههم حتى يدخلون الجنة (حم م) عن جابر

**57.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخدىن چىقىدىغان قەۋملەرنىڭ ھەممە يېرى دوۋزاختا كۆيسىمۇ لېكىن، ئۇلار جەننەتكە كىرگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىمۇ كۆيمەيدۇ، يەنى يۈزى ساق قالىدۇ، مۇسلىم، **281** ــ ھەدىس، بۇخارى **6073** ــ ھەدىس، تىرمىزى، **2522** ــ ھەدىس، ئەھمەد **13792** ــ ھەدىس، سەھىھ.

إن أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا و إن حسن الخلق ليبلغ درجة الصوم و الصلاة (البزار) عن أنس

**58.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى، ئەخلاقى ئەڭ

ياخشىراقدۇر، ھەقىقەتەن ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشى، كۆپلەپ روزا تۇتقانىنىڭ ناماز ئوقۇغانىنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ، بەزار توپلىغان، سە ھىھ.

إن الحور العين لتغنين في الجنة يقلن: ؛ نحن الحور الحسان خبئنا لأزواج كرام (سمويه) عن أنس.

**59. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ھۆر قىزلار، جەننەت ئاياللىرى مۇنداق ناخشا ئوقۇيدۇ:بىز ئەڭ ياخشى ھۆر قىزلار، ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك ئەرلەرگە تەييار قىلىنىپ، ئېلىپ قويۇلغانلار، سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.**

إن الرجل إذا مات بغير مولده قيس له من مولده إلى منقطع أثره في الجنة (ن ه) عن ابن عمرو

**60. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشى تۇغۇلغان جايى بولغان ئۆز ۋەتىنىدىن باشقا بىر جايدا ئۆلۈپ كەتسە،ئۇكىشى ئۇچۇن جەننەتتە،تۇغۇلغان جايىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىزى ئەسرى ئۈزۈلگەن يەنى ئۇئۆلۈپ كەتكەن جايغىچە ئۆلچىنىپ شۇنداق كەڭرى جاي**

**بېرىلىدۇ.نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.**

إن الرجل ليعمل عمل الجنة فيما يبدو للناس و هو من أهل النار و إن الرجل ليعمل عمل النار فيما يبدو للناس و هو من أهل الجنة (ق) عن سهل بن سعد زاد (خ): وإنما الأعمال بخواتيمها

**61. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشى، كىشىلەرگە كۆرۈنىشىدە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىندۇر، ھەقىقەتەن كىشى، كىشىلەرگە كۆرۈنىشىدە دوۋزاخ ئەمەللىرىنى قىلىۋاتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر، بۇخارى رەھمەھۇللا، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ھەقىقەتەن ئەمەللەر ئەڭ ئاخىرقىسى بىلەن بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى ھېساب دىگەننى زىيادە قىلغان، بەيھەقى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئەمەللەرنىڭ راستىنلار ئاخىرقىسى ھېساب بولىدۇ، ئاداققىچە چىڭ تۇرايلى!**

إن الرجل ليكون له المنزلة عند الله فما يبلغها بعمل فلا يزال الله يبتليه بما يكره حتى يبلغه إياها (حب ك) هريرة



جەننەت يولى

**62. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى ئالى مەرتىۋىلىك بىر مەنزىلى بولۇپ، بەندە ئۇ ئالى مەرتىبىگە، ئۇ مەنزىلگە، ئەمەل، ئىبادەتلەر بىلەن ھەرگىز يېتەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇ بەندىسىنى شۇ ئالى مەنزىلگە يەتكۈزگەنگە قەدەر بالالار بىلەن قاتتىق سىنايدۇ، قاتتىق سىناۋېرىپ، ئاخىرى شۇ مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ، (يەنى بەندە ئەمەل، ئىبادەت بىلەن ئېرىشەلمەس، ئالى مەرتىبە، دەرىجىگە، سىناقلار بالالار بىلەن ئېرىشىدۇ) ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.**

إن الرجل من أهل الجنة ليعطى قوة مائة رجل في الأكل و الشرب و الشهوة و الجماع حاجة أحدهم عرق يفيض من جلده فإذا بطنه قد ضمر (طب) عن زيد بن أرقم.

**63. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئەرگە يەپ ـ ئىچىش، شەھۋەت، جىنسى مۇناسىۋەتتە، 100 ئەر كىشىنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ تائامغا بولغان ھاجىتى تەرلەش بىلەنلا بولىدۇ، تەر، تېرىسىدىن يۇرۇشى بىلەنلا ناگاھان قورسىقى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، (يەنى مىسكە ئەنبەردەك خۇشپۇراق تەرلەش بىلەنلا يەنە يەپ ـ ئىچىپ، لەززەتلىنىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) إن الصدق ليهدي إلى البر و إن البر يهدي إلى الجنة و إن الرجل ليصدق حتى يكتب عند الله صديقا و إن الكذب يهدي إلى الفجور و إن الفجور يهدي إلى النار و إن الرجل ليكذب حتى يكتب عند الله كذابا (ق) عن ابن مسعود

**64. ئىبى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن راستچىللىق، سەممىي، راست سۆزلەش ياخشىلىققا ھىدايەت قىلىپ ئاپىرىدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىددىق، يەنى راستچىل، سەممىي كىشى دەپ يېزىلىدۇ (ياكى ماقامى مەرتىبىسى سىددىق بولىدۇ) ھەقىقەتەن يالغانچىلىق گۇناھ، مەئسىيەتكە ئاپىرىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت بولسا، دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كاززاپ دەپ يېزىلىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (خۇلاسە، راستچىللىق جەننەتكە،**

**كاززاپلىق دوۋزاخقا سەۋەب بولدى)**

(صحيح) إن العبد المؤمن إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة بيض الوجوه كأن وجوههم الشمس معهم كفن من أكفان الجنة و حنوط من حنوط الجنة حتى يجلسوا منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الطيبة اخرجي إلى مغفرة من الله و رضوان فتخرج فتسيل كما تسيل القطرة من في السقاء فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يأخذوها فيجعلوها في ذلك الكفن و في ذلك الحنوط و يخرج منها كأطيب نفحة مسك وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الطيب ؟ فيقولون: فلان بن فلان بأحسن أسمائه التي كانوا يسمونه بها في الدنيا حتى ينتهوا به إلى سماء الدنيا فيستفتحون له فيفتح له فيشيعه من كل سماء مقربوها إلى السماء التي تليها حتى ينتهي إلى السماء السابعة فيقول الله عز و جل: اكتبوا كتاب عبدي في عليين و أعيدوا عبدي إلى الأرض فإني منها خلقتهم و فيها أعيدهم و منها أخرجهم تارة أخرى ؛ فتعاد روحه فيأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك ؟ فيقول: ربي الله فيقولان له: ما دينك ؟ فيقول: ديني الإسلام فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول: هو رسول الله فيقولان له: و ما علمك ؟ فيقول: قرأت كتاب الله فآمنت به و صدقت فينادي مناد من السماء: أن صدق عبدي فأفرشوه من الجنة و ألبسوه من الجنة و افتحوا له بابا إلى الجنة فيأتيه من روحها و طيبها و يفسح له في قبره مد بصره و يأتيه رجل حسن الوجه حسن الثياب طيب الريح فيقول: أبشر بالذي يسرك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول له: من أنت ؟ فوجهك الوجه يجيء بالخير فيقول: أنا عملك الصالح فيقول: رب أقم الساعة رب أقم الساعة ؟ حتى أرجع إلى أهلي و مالي ؛ و إن العبد الكافر إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة سود الوجوه معهم المسوح فيجلسون منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الخبيثة ! اخرجي إلى سخط من الله و غضب فتفرق في جسده فينتزعها كما ينتزع السفود من الصوف المبلول فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يجعلوها في تلك المسوح و يخرج منها كأنتن ريح جيفة وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون بها على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الخبيث ؟ ! فيقولون: فلان بن فلان بأقبح أسمائه التي كان





يسمى بها في الدنيا فيستفتح له فلا يفتح له ثم قرأ: (لا تفتح لهم أبواب السماء فيقول الله عز و جل: اكتبوا كتابه في سجين في الأرض السفلى فتطرح روحه طرحا فتعاد روحه في جسده ؛ و يأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فيقولان له: ما دينك ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فينادي مناد من السماء: أن كذب عبدي فأفرشوه من النار و افتحوا له بابا إلى النار فيأتيه من حرها و سمومها و يضيق عليه قبره حتى تختلف أضلاعه و يأتيه رجل قبيح الوجه قبيح الثياب منتن الريح فيقول: أبشر بالذي يسوؤك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول: من أنت فوجهك الوجه يجيء بالشر ؟ فيقول: أنا عملك الخبيث فيقول: رب لا تقم الساعة) (حم د ابن خزيمة ك هب الضياء) عن البراء

**65**. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىندىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن خۇددى يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئاپئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتنىڭ كېپىنەكلىرى، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن خۇشپۇراق ئەتىرلەر باردۇر، بۇ پەرىشتىلەر مۆئمىندىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، (يەنى كۆرگىلى بولغۇدەك يىراقلىقتا ئولتۇرىدۇ) ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ، ئۇ مۆئمىننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي پاك، ئېسىل روھ، جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا چىققىن! ئاندىن روھ، جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ تامغاندەكلا شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالغاندا، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىكمۇ قويماي تۇرسا، پەرىشتىلەر ئېلىپ، بۇ پاك روھنى ئاشۇ كېپەنلەردە ئاشۇ ئەتىرلەردە قىلىدۇ، بۇ روھدىن مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراق چىقىدۇ، بۇ خۇشپۇراقلار يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ روھنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار پەرىتىشلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئۆتسىلا، بۇ پاك، ئېسىل روھ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋەتقانلار، ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرشتىلەر ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئاپىرىپ، ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ مۆئمىن روھى ئۈچۈن ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئېسىل روھقا ھەربىر ئاسماننىڭ ئەڭ يېقىن مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى ئەگىشىۋالىدۇ، ئۇلار يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىپ بارىدۇ، تاكى بۇ مۆئمىننىڭ

روھى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئاپىرىلىدۇ، (ھەربىر ئاسماننىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىۋالىدۇ) ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مىنىڭ بۇ بەندەمنىڭ كىتابىنى، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى ئالى مەرتىبە قاتارىدا يېزىڭلار! بۇ بەندەمنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم يارىتىپ چىقىرىمەن، ئاندىن مۆئمىننىڭ روھى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ،

رەببىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ:

مۆئمىن، رەببىم ئاللاھ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، دىنىم ئىسلام دىنى دەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى قانداق كىشى بولىدۇ؟ دەيدۇ:

ئۇ بەندە، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرىدۇر دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: سىنىڭ ئىلمىڭ قانداق؟ سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، مەن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، بۇ كىتابقا شەكسىز ئىمان كەلتۈردۈم، ۋە تەستىقلىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئاسماندىن بىر توۋلىغۇچى، ندا قىلىپ، بەندەم راست دېدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىڭلار! جەننەت كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، رىزىقلىرى، پاك، مول تۇرمۇشلىرى، خۇشپۇراقلىرى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسى بىر كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭ كەڭرىتىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يۈزى گۈزەل، كىيىمى گۈزەل، خۇشپۇراق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان، سېنىڭ كۈنۈڭدۇر، دەيدۇ، بەندە ئۇنىڭغا سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزۈڭ ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈزكەن دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن سېنىڭ سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ، ئاندىن بەندە خاتىرجەم بولۇپ، ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەتنى قۇرۇپ بەرگىن، ئى رەببىم، قىيامەتنى قايىم قىلىپ بەرگىن، مەن ئەھلىمگە، مال ـ مۈلۈكلىرىمگە قايتاي دەيدۇ، (مانا بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ). ھەقىقەتەن كاپىر، دىنسىز بەندىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدىغان ۋاختى





كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا، تەلەتى سەت، قەبىھ پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇنى كېپەنلەشكە ئەسكى كىگىز، تاشلاندۇق پالاسلارنى ئېلىۋالىدۇ، پەرىشتىلەر بۇ كاپىردىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس، سېسىق جان، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ـ نەپرىتىگە چىققىن! دەيدۇ: ئاندىن ئۇنىڭ روھى، جىنى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئۇ جاننى خۇددى قوينىڭ يول يۇڭدىن شوخۇلۇق شاخنى تارتىپ ئالغاندەك، قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنى ئېلىپ، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قويمايلا، ساقلاپ تۇرغان پەرىشتىلەر ئېلىپ، ھېلىقى كىگىز پالاسنىڭ ئىچىگە سالىدۇ، بۇ نىجىس، سېسىق جاندىن تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق چىقىدۇ، بۇ سېسىق پۇراق يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتە جامائەتلىرىدىن ئۆتسە، ئۇلار بۇ نىجىس، سىسىق جان، روھ كىم بولىدۇ؟ دەيدۇ: ئۆرلەۋاتقانلار، ئۇ دىنسىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەر ئاتايدىغان ئەڭ قەبىھ، سەت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشىك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى، «ئۇلارغا ئاسمان ئىشىكلىرى ھەرگىز ئېچىلمايدۇ» سۈرە ئەئراف، 4 ـ ئايەت، ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىتابىنى ئەڭ تۆۋەن زېمىننىڭ ئىچىدىكى سىججىيىن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭقۇر مەنزىللىك قىلىپ يېزىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ روھى قاتتىق تاشلىنىدۇ، جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق سۇئال سورايدۇ.

رەببىڭ كىم؟

ئۇ، ھا! ھا! مەن بىلەيمەن دەيدۇ.

ئۇلار، دىنىڭ نېمە؟ دېسە:

ئۇ ھا ھا مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن ماۋۇ كىشى كىم؟ دېسە:

ئۇ، ھا! ھا! مەن مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن، ئاسماندىن مۇنداق ندا كېلىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوۋزاخدىن، ئوتتىن كۆرپە سېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىڭلار! ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخنىڭ ھارارەتلىرى، قىززىقلىرى، زەھەرلىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن

ئۈنىڭغا، يۈزى، كىيىمى قەبىھ سەت، سېسىق پۇراقلىق بىر كىشى كېلىپ، سېنى خاپا قىلىدىغان، غەم قىلدۇرىغان نەرسە بىلەن بىشارەت ئال، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان سېنىڭ كۈنۈڭدۇر دەيدۇ. ئۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ يامانلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈز ئىكەن، سەن زادى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەن سېنىڭ نىجىس، يامان ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن دەپ كېتىدۇ، (مانا بۇ دىنسىزنىڭ ئاقىۋىتى، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى مۆئمىن قىلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسىلا. ئامىن!) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، بىر قىسىم جايلىرى مۇتىۋاتىر.

إن الله أوحى إلي : أنه من سلك مسلكا في طلب العلم سهلت له طريق الجنة و من سلبت كريمتيه أثبته عليهما الجنة و فضل في علم خير من فضل في عبادة و ملاك الدين الورع (هب) عن عائشة.

**66.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، شەك ــ شۈبھىسىز، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىپ، ئىلىم يولىغا يول سالسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىمەن، مەن كىمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋالغان بولسام، يەنى كور، ئەما قىلىپ قويسام، شۇ ئىككى كۆزگە ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىمەن، ئىلىمدىكى پەزىلەت، ئىبادەتتىكى پەزىلەتتىن ياخشىدۇر، دىنىنىڭ ئاساسلىق نىزامى، پۈت تىرەپ تۇرغۇچىسى، تەقۋالىقتۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى خلق الرحمة يوم خلقها مائة رحمة فأمسك عنده تسعا و تسعين رحمة و أرسل في خلقه كلهم رحمة واحدة فلو يعلم الكافر بكل الذي عند الله من الرحمة لم ييأس من الجنة و لو يعلم المؤمن بالذي عند الله من العذاب لم يأمن من النار (ق) عن أبي هريرة

**67.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا رەھمەتنى ياراتقان كۈنى ئۇنى **100** رەھمەت قىلىپ ياراتقان، **99** رەھمەتنى ئاخىرەت ئۈچۈن، ئۆز دەرگاھىدا ئېلىپ قېلىپ، پەقەت بىر رەھمەتنى بارلىق مەخلۇقلارغا ئەۋەتكەندۇر، ئەگەر كاپىر، دىنسىز كىشى ئاللاھنىڭ نەزىلىدىكى رەھمەتتىن بولغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلسە ئىدى، جەننەتتىن ھەرگىز ئۈمۈدىنى ئۈزىۋەتمەيتتى، ئەگەر مۆئمىن كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابىنى بىلسە ئىدى، ھەرگىز دوۋزاخدىن ئەمىن،





خاتىرجەم يۈرمىگەن بولاتتى، بەيھەقى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرىدۇر، لېكىن، رەھمەت، رەھمەتكە لايىق كىشىگە بېرىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى مۇھسىن دەرىجىلىك ياخشىلارغا يېقىن دىگەن ئايەت بار، ھېلىھەممۇ دوۋزاخدىن خاتىرجەم، ئەمىن يۈرمەڭ.

(حسن) إن الله تعالى لا يرضى لعبده المؤمن إذا ذهب بصفيه من أهل الأرض فصبر و احتسب بثواب دون الجنة (ن) عن ابن عمرو

**68.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۆئمىن بەندىسى ئۈچۈن، ئۇ بەندىنىڭ زېمىن ئەھلىدىن ئەڭ تاللانغان، ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇبىنى، يېقىن كىشىسىنى ئېلىپ كەتكەندە، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، سەۋرى قىلسا، جەننەتتىن باشقىسىنى بېرىشكە رازى بولمايدۇ، پەقەت جەننەتنى بېرىشكىلا رازى بولىدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن المسلم إذا عاد أخاه المسلم لم يزل في مخرفة الجنة حتى يرجع (حم م ت) عن ثوبان

**69.** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىر مۇسۇلمان، كېسەل بولۇپ قالغان مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، ئۇ ئۆيىگە قايتقانغا قەدەر جەننەتنىڭ باغچىللىرىدا تۇرىۋېرىدۇ، زىيارەت قىلسىمۇ شۇنداق، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن أول زمرة يدخلون الجنة على صورة القمر ليلة البدر ثم الذين يلونهم على أشد كوكب دري في السماء إضاءة لا يبولون و لا يتغوطون و لا يتفلون و لا يتمخطون أمشاطهم الذهب و رشحهم المسك و مجامرهم الألوة و أزواجهم الحورالعين أخلاقهم على خلق رجل واحدعلى صورة أبيهم آدم ستون ذراعا في السماء (حم ق ه هريرة.

**70.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتلەر **14** كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا

يېقىن بولىدىغانلار بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى، يورىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئۇلار جەننەتتە كىچىك ــ چوڭ تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، مىشقىرمايدۇ، بۇرۇندىن نەرسە كەلمەيدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇندۇر، پۇراقلىرى بولسا، مىسكە ئەنبەردۇر، خۇشپۇراق ئۈچۈن ياندۇرۇپ قويىدىغان شاخلىرى يورۇتۇپ قويىدىغان نەرسىسى بولسا، ئەلۇت دېيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچتۇر، جۈپتىلىرى، ئاياللىرى بولسا، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلاردۇر، ئەخلاقى بولسا، بىرلا كىشىنىڭ ئەخلاقىدەك، (يەنە بىر خاتىرىدە بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدە بولىدۇ) سۈرەت، چىراي، بەدەن شەكلى، دادىسى، ئادەم ئاتىنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى **60** گەزدۇر، (ئاللاھ ئادەم ئاتىنى ئۆز قولى بىلەن ئەڭ گۈزەل ياراتقان،جەننەت ئەھلى شۇسۈرەتتەبۇلىدۇ)، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إن أهل الجنة ليتراءون أهل الغرف من فوقهم كما تراءون الكوكب الدري الغابر في الأفق من المشرق أو المغرب لتفاضل ما بينهم (حم ق) عن أبي سعيد (ت) عن أبي هريرة.

**71**. ئەبۇ سەئىد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىلىرى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى غۇرفەت ئەھلى بولغان ئۈستۈن دەرىجىلىكلەرگە خۇددى سىلەر مەشرىقنىڭ ياكى مەغرىپنىڭ ئۇپۇقلىرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېشىڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاراپ قالغاندەك قارىشىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەزىلەت پەرقى، ئەنە شۇنداقتۇر، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل الجنة يأكلون فيها و يشربون و لا يتفلون و لا يبولون و لا يتغوطون و لا يمتخطون و لكن طعامهم ذلك جشاء و رشح كرشح المسك يلهمون التسبيح و التحميد كما تلهمون أنتم النفس (حم م د) عن جابر.

**72**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى، جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ، لېكىن، تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ــ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، بۇرنىدىن نەرسە كەلمەيدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ تائامىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى بولسا، قورساق تويغاندىكى كېكىرىش ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىپلا تەرلەش بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ،





تەرلىرى بولسا، مىسكىنىڭ خۇشپۇرقىدەك خۇشپۇراقتۇر، خۇددى سىلەرگە نەپەسلىنىش، تىنىق ئاسان قىلىنغاندەك، ئۇلارغا تەسبىھ، تەكبىر ھەمدۇسانا ئېيتىش ئىلھام بىلەن ئاسان قىلىنىدۇ، نەپەسنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئەھمەد **14394** ــ ھەدىس، دارمى **2706** ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **4116** ھەدىس، مۇسلىم **5066** ــ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) إن أهل الدرجات العلى يراهم من هو أسفل منهم كما ترون الكوكب الطالع في أفق السماء و إن أبا بكر و عمر منهم و أنعما (حم ت ه حب) عن أبي سعيد (طب) عن جابر بن سمرة (ابن عساكر) عن ابن عمرو وعن أبي هريرة.

**73**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدىكىلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلەر، خۇددى سىلەر ئاسمان ئۇپۇقلىرىدا ئاشكارا بولغان يۇلتۇزنى ئاران تەستە كۆرەلىگەندەك، ئاران كۆرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، ئاشۇ ئۈستۈن دەرىجىدىكىلەردىن بولۇپ، بۇ ئىككىسىگە نېئمەت بېرىلدى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ سەئىددىن تەبرانى، جابىر ئىبنى سۇمرەتتىن ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى ئەمرۇددىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل المعروف في الدنيا هم أهل المعروف في الآخرة و إن أهل المنكر في الدنيا أهل المنكر في الآخرة (طب) عن سلمان وعن قبيصة بن برقة وعن ابن عباس (حل) عن أبي هريرة (خط) عن علي وأبي الدرداء

**74**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق ئەھلى، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئەھلى بولىدۇ، بۇ دۇنيادىكى يامانلىق، مۇنكەر ئەھلى ئاخىرەتتىمۇ مۇنكەر يامانلىق ئەھلى ھېسابلىنىدۇ، (بۇ ئالامەتلىرىدىن ئەمەللىرىدىن بىلىنىدۇ). بۇ ھەدىسنى تەبرانى، سۇلەيماندىن قەبىيسەتتىن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، ئەبۇ نۇئەيىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، خەتىبۇلبەغداد، ئەلى، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل النار ليبكون حتى لو أجريت السفن في دموعهم جرت و إنهم ليبكون الدم (ك) عن

أبي موسى

**75. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلى، شۇنداق يىغا ـ زار قىلىپ يىغلايدۇكى، ئەگەر كېمە، پاراخوتلار ئۇلارنىڭ ياشلىرىدا ماڭدۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئەركىن ماڭالايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار قان يىغلايدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

**(ئى ئاللاھ، بىزنى دوۋزاخدىن ساقلىغىن، ئامىن!)**

إن رجلا ممن كان قبلكم أتاه ملك الموت ليقبض نفسه فقال له: هل عملت من خير ؟ قال: ما أعلم قال له: انظر قال: ما أعلم شيئا غير أني كنت أبايع الناس و أحارفهم فأنظر المعسر و أتجاوز عن الموسر فأدخله الله الجنة (حم ق ه) عن حذيفة وأبي مسعود

**76. ھۇزەيفە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقتىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ، ياق مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا قاراپ باققىن، دىسە، ئۇ، مەن ھېچبىر ياخشىلىق قىلمىغان ئىدىم، لېكىن مەن كىشىلەر بىلەن ئېلىم ـ سېتىم، سودا قىلاتتىم، كەسىپ قىلاتتىم، ھۈنىرىم بار ئىدى، كەمبەغەل، پېقىر بولسا كۆتۈپ تۇراتتىم، ھەتتا ئۆتنۈۋېتەتتىم، باي بولسا، چىرايلىقچە ئالاتتىم، ئۇنىڭدىنمۇ بەزىدە ئاسان قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن، ئاللاھ ئۇنى شۇ ئىشى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئېلىم ـ سېتىم، سودا، ھۈنەر كەسىپلەردە، ئېلىم ـ بېرىملەردە سىلىق، چىرايلىق بولۇش، ياخشى، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، پېقىردىن ئۆتۈۋېتىش، بايدىن ئاسان قىلىش، كۈتۈپ تۇرۇش مەسىلىلىرى چىقىدۇ.**

إن رجلا من أهل الجنة استأذن ربه في الزرع فقال له: ألست فيما شئت ؟ قال: بلى و لكن أحب أن أزرع ! فبذر فبادر الطرف نباته و استواؤه و استحصاده فكان أمثال الجبال فيقول الله: دونك يا ابن آدم ! فإنه لا يشبعك شيء (حم خ) عن أبي هريرة.

**77. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى،**





**پەرۋەردىگارىدىن، زىرائەت تېرىش، دېھقانچىلىق توغرىسىدا ئىزنى، رۇخسەت سورايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن خالىغان ئىشىڭدا ئەمەسمۇ؟ سەن ئۇچۇن بۇ جايدا خالىغان نەرسەڭ بار ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ شۇنداق، لېكىن، مەن زىرائەت تېرىشنى، دېھقانچىلىق قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇرۇقنى تېرىپ، يەنە بىر تەرىپكە بېرىپ بولغۇچە، بىر تەرىپى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ، يېتىلىپ، راۋۇرۇس تۈزلىنىپ، مول ـ ھوسۇل بېرىپ، ئورۇشنى، ھوسۇلنى ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنى ئالدىرىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ھوسۇللار تاغدەك دۆۋلىشىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئى ئادەم بالىسى، بۇنى ئالغىن! ھەقىقەتەن بىرەر نەرسە سېنى تويغۇزالمايدىكەن دەيدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، جەننەت ئەھلى ئۇچۇن، جەننەتتە پەقەت گۇناھ ـ مەئسىيەت، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، بىئارام قىلىدىغان يالغانچىلىق بولمىسىلا، خالىغىنى باردۇر.**

إن سورة من كتاب الله ما هي إلا ثلاثون آية شفعت لرجل فأخرجته من النار و أدخلته الجنة (ك) عن أبي هريرة

**78. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ،ئۆزىنى ئوقۇپ، ئەمەل قىلغان كىشىگە شاپائەت قىلىپ، ئۇ كىشىنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.**

إن فقراء المهاجرين يسبقون الأغنياء يوم القيامة إلى الجنة بأربعين خريفا (م) عن ابن عمرو

**79. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى قىيامەت كۈنى بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.**

إن في الجنة بابا يقال له: الريان يدخل منه الصائمون يوم القيامة لا يدخل منه أحد غيرهم يقال: أين الصائمون ؟ فيقومون فيدخلون منه فإذا دخلوا أغلق فلم يدخل منه أحد (حم ق) عن سهل بن سعد .

**80. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ رەييان دىيىلىدىغان بىر ئىشىكى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىشىكدىن روزا تۇتقۇچىلار كىرىدۇ،**

ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ، روزا تۇتقۇچىلار قېنى!؟ دېيىلىدۇ، ئۇلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار كىرىپ بولغاندا، بۇ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنىپ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىشى كىرەلمەيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ ئىشىكنىڭ رەييان دەپ ئاتىلىشى، روزا تۇتقۇچىلارنى ئىسسىل مەي، شارابقا، لەززەتكە قاندۇرغۇچى مەنىسىدە بولىدۇ دېدى.

إن في الجنة بحر الماء و بحر العسل و بحر اللبن و بحر الخمر ثم تشقق الأنهار بعد (حم ت) عن معاوية بن حيدة

81. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن جەننەتتە تاتلىق سۇنىڭ دېڭىزى بار، ھەسەلنىڭ، سۈتنىڭ، ئېسىل مەينىڭ دېڭىزى بار، ئاندىن كېيىن، باشقا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر شاخلاپ، يېرىلىپ چىقىدۇ، تىرمىزى 2494 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19197 ـ ھەدىس، دارمى 2714 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن في الجنة غرفا يرى ظاهرها من باطنها و باطنها من ظاهرها أعدها الله تعالى لمن أطعم الطعام و ألان الكلام و تابع الصيام و صلى بالليل و الناس نيام (حم حب هب) عن أبي مالك الأشعري (ت) عن علي

82. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك بىر بالىخانا، مېھمانخانا بار، ئۈستۈن قەۋەتلىك ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېشى ئىچىدىن، ئىچى تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھتائالا ئۇ ئالىي مەرتىۋىنى كىشىلەرگە تائام بەرگەن، سۆزىنى ياخشى، مۇلايىم قىلغان، كەينى ـ كەينىدىن كۆپلەپ روزا تۇتقان، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇغان كىشىلەرگە تەييارلاپ قويىدى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھگە يېقىن ھەسەن، بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىسلەردىن شاھىدى بار.

إن في الجنة لسوقا يأتونها كل جمعة فيها كثبان المسك فتهب ريح الشمال فتحثوا في وجوههم و ثيابهم فيزدادون حسنا و جمالا فيرجعون إلى أهليهم و قد ازدادوا حسنا و جمالا





فيقول لهم أهلوهم: و الله لقد ازددتم بعدنا حسنا و جمالا فيقولون: و أنتم و الله لقد ازددتم بعدنا حسنا و جمالا (حم م) عن أنس.

83. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، جەننەت ئەھلى بازارغا ھەر جۈمئە كۈنى كېلىدۇ، (يەنى ھەر جۈمئە كۈنىنىڭ مىقدارىدا كېلىپ تۇرىدۇ) ئۇ بازاردا مىسكە ئەنبەر دۆۋىسى بار بولۇپ، شىمال شامىلى چىقىش بىلەنلا، شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە شۇ مىسكە ئەنبەرنى چاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆسنى ـ جامالىغا ھۆسۈن ـ جامال زىيادە بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلىگە شۇ زىيادە قىلىنغان ھۆسنى ـ جامالى بىلەن قايتىپ بارسا، ئەھلىلىرى ئۇلارغا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىزدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆسنى جامالىڭلار زىيادە بولۇپ شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلىگە: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرمۇ ھۆسنى ـ جامالىڭلار زىيادە بولۇپ، شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ھەر ئىككىسى گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن في الجنة لشجرة يسير الراكب الجواد المضمر السريع في ظلها مائة عام ما يقطعها (حم خ م ت) عن أنس (ق) عن سهل بن سعد (حم ق ت) عن أبي سعيد (ق ت ه) عن أبي هريرة.

84. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ناھايىتى تېز چاپىدىغان، تېز چاپسۇن ئۈچۈن ئىچى تارتىلغان، ئورۇق قويۇلغان ئېسىل كاتتا ئاتلىق ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ ياپىسىدا 100 يىل سەيرە قىلىپ ئات چاپتۇرسا، ئۇ سايىنىڭ بىر چېتىگە ئۆزۈپ چىقالمايدۇ، (جەننەت دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى شۇنداقتۇر) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزىلار ئەنەستىن بەيھەقى سەھلى ئىبنى سەئىددىن، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، يەنە بەيھەقى تىرمىزى ئىبنى ماجەلەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن في الجنة مائة درجة أعدها الله للمجاهدين في سبيل الله ما بين الدرجتين كما بين السماء و الأرض فإذا سألتم الله فسلوه الفردوس فإنه أوسط الجنة و أعلى الجنة و فوقه عرش الرحمن و منه تفجر أنهار الجنة (حم خ هريرة

85. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ دەرىجىلەرنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغاندۇر، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، ئاسمان – زېمىننىڭ ئارىسىدىكى پەرىقتەك چوڭدۇر، ئاللاھدىن سوراپ قالساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن بۇ جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ۋە شۇنداقلا ئەڭ ئۈستىدە، ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. رەھماننىڭ ئەرشىمۇ، فىردەۋس دېگەن جەننەتنىڭ ئۈستىدىلا. مۇشۇ جەننەتتىن باشقا جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىستىن، ئاسمان كۇرسى، ھەتتا، ئەرشىمۇ گۇمبەز، يۇمىلاق ئىكەن، چۈنكى، فىردەۋس ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۈستۈن بولسا، گۇمبەز ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز بىرەر نەرسىنى ئوتتۇرىنى ئۈستۈن قىلىپ بېقىڭ، گۇمبەز ھاسىل بولىدۇ دېدى، ھازىرمۇ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، قۇياش، ئاي، باشقا پىلانىتلار، سىستېمىلار، سامان يولى قاتارلىقلار، يۇمىلاق گۇمبەز شەكلىدە بولۇپ چىقتى، ھەتتا، يەرشارىمۇ يۇمىلاق، ئېللىپىس شەكلىدە ئىكەن.يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن، ئەرش كۇرسى توغرىسىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز ئېتىبارىغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، بۇ غەيب ئالەم، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

إن في الجنة ما لا عين رأت و لا أذن سمعت و لا خطر على قلب أحد (طب) عن سهل بن سعد .

**86**. سەھلى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان بىرەر كىشىنىڭ قەلبىگە، كۆڭلىگە خوتۇر بولۇپ، خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئاجايىپ – غارايىپ نازۇ – نېئمەتلەر، لەززەتلەر، ھوزۇر – ھالاۋەت، راھەت – پاراغەتلەر باردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، نېئمەت چەكسىزدۇر، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى مەنبەسى سۈرە سەجدە 17 – ئايەتتە سۆزلەنگەن، ئالىملار بۇ ھەدىسنى ئاشۇ ئايەتكە تەپسىر قىلىشىدۇ، مۇشۇ ئايەت بىلەن مۇشۇ ھەدىس، ۋە جەننەتتە، جەننەت ئەھلىگە ئۇلارنىڭ خالىغان نەرسىسى باردۇر دېگەن ئايەت قەلبىنى ئاجايىپ خاتىرجەم قىلىدۇ، ئاللاھ بىزنى شۇلاردىن قىلسۇن، ئامىن.

(صحيح) إن لله تعالى تسعة و تسعين اسما مائة إلا واحدا من أحصاها دخل الجنة (ق ت ه)





عن أبي هريرة (ابن عساكر) عن عمر .

**87**.ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ بىرسى كام 100يەنى 99 ئىسمى – سۈپىتى باردۇر، كىم بۇ ئىسىم – سۈپەتلەرنى يادا ئېلىپ، (چۈشىنىپ ئەقىدە قىلسا،ئەمەل قىلسا ) جەننەتكە كىرىدۇ، بەيھەقى،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،ئىبنى ئەساكىر توپلىغان،سەھىھ.

إن لله ملائكة سياحين في الأرض فضلا عن كتاب الناس يطوفون في الطرق يلتمسون أهل الذكر فإذا وجدوا قوما يذكرون الله تنادوا : هلموا إلى حاجاتكم فيحفونهم بأجنحتهم إلى السماء الدنيا فيسألهم ربهم و هو أعلم منهم : ما يقول عبادي ؟ فيقولون : يسبحونك و يكبرونك و يحمدونك و يمجدونك فيقول : هل رأوني ؟ فيقولون : لا و الله ما رأوك فيقول : كيف لو رأوني ؟ فيقولون : لو رأوك كانوا أشد لك عبادة و أشد لك تمجيدا و أكثر لك تسبيحا فيقول : فما يسألوني ؟ فيقولون : يسألونك الجنة فيقول : و هل رأوها ؟ فيقولون : لا و الله يا رب ما رأوها فيقول : فكيف لو أنهم رأوها ؟ فيقولون : لو أنهم رأوها كانوا أشد عليها حرصا و أشد لها طلبا و أعظم فيها رغبة قال : فمم يتعوذون ؟ فيقولون : من النار فيقول الله : هل رأوها ؟ فيقولون : لا و الله يا رب ما رأوها فيقول : فكيف لو رأوها ؟ فيقولون : لو رأوها كانوا أشد منها فرارا و أشد لها مخافة فيقول : فأشهدكم أني قد غفرت لهم فيقول ملك من الملائكة : فيهم فلان ليس منهم إنما جاء لحاجة ! فيقول : هم القوم لا يشقى بهم جليسهم (حم ق) عن أبي هريرة

**88**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالانىڭ كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يازىدىغان كاتىپ پەرىشتىلەردىن باشقا زىيادە ساياھەتچى پەرىشتىلىرى بولۇپ، ئۇلار يوللارنى ئايلىنىپ زىكرى ئەھلىلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھنى ئەسلەۋەتقان بىرەر جامائەت قەۋمنى تاپسا، ئۆزئارا بىر – بىرىنى توۋلۇشۇپ، بۇياققا كېلىڭلار! ھاجىتىڭلارغا كېلىڭلار، دەپ نىدا قىلىشىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇ زىكرى ئەھلىنى قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغىچە قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلاردىنمۇ ئالىمراق، بىلىپ تۇرۇپ، بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

پەرىشتىلەر: ئۇلار سىلىگە تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ، سىلىنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دېسە،ئۇلار، ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار سىلىنى ھەرگىز كۆرمىگەن دەيدۇ

ئاللاھ: ئەگە ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار، ئەگەر سىلىنى كۆرگەن بولسا، سىلىگە تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سىلىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ كېتەتتى، تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ كېتەتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مەندىن نېمىنى سوراۋاتىدۇ؟ دەيدۇ: پەرىشتىلەر، ئۇلار سىلىدىن جەننەتنى سوراۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟

پەرىشتىلەر؛ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپ باقمىغان.

ئاللاھ: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، قانداق قىلاتتى؟ دېسە، پەرىشتىلەر، ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، جەننەتكە تېخىمۇ قاتتىق ھېرىسمەن بولاتتى، بەك قىزىققان بولاتتى، قاتتىق تەلەپ قىلاتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ؟، پەرىشتىلەر، ئۇلار سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار دوۋزاخنى كۆرگەنمۇ؟ پەرىشتىلەر، ياق ئى رەببىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوۋزاخنى كۆرمىگەن دەيدۇ.ئاللاھ: ئۇلارغا ئەگەر دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار، ئەگەر دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىق قاچاتتى، تېخىمۇ قورققان بولاتتى دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ، ئۇلارغا مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەن، جەزمەن ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەردىن بىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا ھاجەت بىلەن كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ قالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس بىر كىشى بار، دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا؛ بۇ ئەھلى زىكرى شۇنداق ئالاھىدە بىر كىشىلەركى، بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىمۇ شەقى ھېسابلانمايدۇ دەيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كىرامەن كاتىبىنلەردىن باشقا ساياھەتچى پەرىشتىلەر باردۇر.





2. ئۇلار زىكرى ئەھلىنى ئىلىم مەجلىسىنى ئىزدەيدۇ.

3. پەرىشتىلەر ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ، تونۇلىشىدۇ، بىز بىلمەيمىز.

4.پەرىشتىلەردىن،الله تەئالا بىلەن خىتاپ قىلىپ سۆزلىشىدىغانلىرى باردۇر.

5. ئاللاھ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، بۇنى ھەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىلسۇن دەپ سۆزلەپ بەردى.

6. تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇسانانىڭ پەزىلىتى بار.

7. بەندىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ.

8. كۆرگەن بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى.

9. جەننەت، دوۋزاخ مەۋجۇددۇر، ھازىرمۇ باردۇر.

10. بەندىلەر بۇ ئىككىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

11. كۆرگەن بولسا، ئىشلار باشقىچە بولاتتى، بىز ھىلىھەممۇ كۆرگەندەك ئىبادەت قىلايلى.

12. ياخشىلارغا ھەمراھ بولغان ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

(صحيح) إن للمؤمن في الجنة لخيمة من لؤلؤة واحدة مجوفة طولها ستون ميلا للمؤمن فيها أهلون يطوف عليهم المؤمن فلا يرى بعضهم بعضا (م) عن أبي موسى

89. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر مۆئمىن ئۈچۈن جەننەتتە ئالاھىدە بىردىن ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەتتىن ياسالغان چېدىر بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مىيلدۇر، مۆئمىننىڭ ئۇ چېدىردا ئەھلى ئاياللىرى بار، مۆئمىن ئۇلارنى تاۋاپ، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن، ئۇئەھلىلەر بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، مۇسلىم 5070 ـ ھەدىس، بۇخارى 4501 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2452 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18850 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) إن ما بين مصراعين في الجنة لمسيرة أربعين سنة (حم ع) عن أبي سعيد .

90. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىككى يان تەرىپىنىڭ ئارىلىقى ئەلۋەتتە 40 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا

توپلىغان، سەھىھ.

إنه لم يكن نبي قبلي إلا كان حقا عليه أن يدل أمته على ما يعلمه خيرا لهم و ينذرهم ما يعلمه شرا لهم و إن أمتكم هذه جعل عافيتها في أولها و سيصيب آخرها بلاء شديد و أمور تنكرونها و تجيء فتن فيرفق بعضها بعضا و تجيء الفتنة فيقول المؤمن: هذه مهلكتي ثم تنكشف و تجيء الفتنة فيقول المؤمن: هذه هذه ؛ فمن أحب منكم أن يزحزح عن النار و يدخل الجنة فلتأته منيته و هو يؤمن بالله و اليوم الآخر و ليأت إلى الناس الذي يحب أن يؤتى إليه و من بايع إماما فأعطاه صفقة يده و ثمرة قلبه فليطعه ما استطاع فإن جاء آخر ينازعه فاضربوا عنق الآخر (حم م ن ه) عن ابن عمرو.

**91.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەندىن بۇرۇنقى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈستىگە، ئۈممىتىنى ياخشىلىققا كۆرسىتىپ قويۇشى، ياخشىلىقنى ئۆگىتىپ قويۇشى، يامانلىقدىن ئاگاھلاندۇرۇشى ۋاجىپ، ھەق بولدى، ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەتكە كەلسەك، بۇلارنىڭ ساقلىنىشى، ئەۋۋەلكى كىشىلىرىدە قىلىندى، بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىغا قاتتىق بالالار، سىلەر تونۇمايدىغان، ئىنكار قىلىدىغان ئىشلار يېتىدۇ، نۇرغۇن پىتنىلەر بىرسى ـ بىرسىگە ھەمراھ بولۇپ كەينى ـ كەينىدىن كېلىدۇ، بىر پىتنە كەلسە، مۆئمىن ھە! مانا بۇ مېنىڭ ھالاك بولۇشۇم دەيدۇ، ئاندىن ئۇ پىتنە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە بىر پىتنە ـ پاساد كەلسە، مۆئمىن ھە! مانا بۇ، مۇشۇ شۇ، ئەمدى ھالاك بولدۇم دەيدۇ، سىلەردىن بىر كىشى دوۋزاخدىن يىراق بولۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇ كىشىگە ئۆلۈم؛ ئۇ، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا مۆئمىن ھالدا كەلسۇن، يەنى مۆئمىن ھالدا ئۆلسۇن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۇنىڭغۇ كىلىشىنى ياخشى كۆرۈپ، قارشى ئالىدىغان كىشىلەرگە بارسۇن. كىم بىر ئىمامغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى بەرسە، قەلبىنىڭ مۇئسىنى بەرسە، چىن قەلبىدىن بەيئەت قىلسا، ئۇ ئىمامغا قادىر بولۇشىچە ئىتائەت قىلسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ بەيئىتىنى تالىشىپ، يەنە بىرسى كەلسە، يەنە بىرسى ئىمامىلىق داۋاسى قىلىپ، بەيئەت تەلەپ قىلسا، كېيىنكى كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن، ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، (چۈنكى، ئىسلام خەلىپىسى، ئىمامى بىرلا بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنه لا يدخل الجنة إلا نفس مسلمة و إن الله ليؤيد هذا الدين بالرجل الفاجر (حم ق) عن أبي





هريرة.

**92.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلا كىرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئىسلام دىنىنى پاسىق، پاجىر كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، ياردەم بېرىدۇ، (خۇددى نۇرغۇن دىنسىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن كىشىدەك) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إني رأيت في المنام كأن جبريل عند رأسي و ميكائيل عند رجلي يقول أحدهما لصاحبه: اضرب له مثلا فقال: اسمع سمعت أذنك و اعقل عقل قلبك إنما مثلك و مثل أمتك كمثل ملك اتخذ دارا ثم بنى فيها بيتا ثم جعل فيها مائدة ثم بعث رسولا يدعو الناس إلى طعامه فمنهم من أجاب الرسول و منهم من تركه فالله هو الملك و الدار الإسلام و البيت الجنة و أنت يا محمد رسول من أجابك دخل الإسلام و من دخل الإسلام دخل الجنة و من دخل الجنة أكل ما فيها (خ ت) عن جابر

**93.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن چۈشۈمدە مۇنداق كۆرۈپتىمەن، گۇياكى جىبرىئىل بېشىمدا تۇرۇپتۇ، مىكائىل پۇتۇمنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلار بىرسى ـ بىرسىگە بۇنىڭ ئۈچۈن مىسال كەلتۈرگىن دەۋاتىدۇ، مىسال كەلتۈرگۈچى مۇنداق دېدى، ئاڭلا، قۇلىقىڭ ئاڭلىدى، ئەقىل قەلبىڭ چۈشەنگىن، دىلىڭ چۈشەندى، ھەقىقەتەن ئۈممىتىڭ بىلەن سېنىڭ ئوخشىشىڭ مۇنۇ مىسالغا ئوخشايدۇ، بىر پادىشاھ كەڭ ھويلىنىڭ ئىچىگە ئۆي سالىپتۇ، ئاندىن ئۇ ئۆيگە زىياپەت، دوسقان سېلىپتۇ، ئاندىن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ئەلچى كىشىلەرنى تائامغا چاقىرىدۇ، ئەلچىنىڭ چاقىرقىغا ئاۋاز قوشۇپ كىرگەنلەر بار، تەرىك ئەتكەنلەرمۇ باردۇر. ئۇ پادىشاھ ئاللاھدۇر، ھويلا، ئىسلام دىنى، ئۆي جەننەتتۇر، سەن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلچى شۇ، سېنىڭ چاقىرقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ساڭا جاۋاب بەرگەن كىشى ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ، ئىسلامغا كىرگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتكە كىرگەن كىشى زىياپەتتىن يەيدۇ، (ئۇنىداق قىلمىسا، ئىسلامغا كىرمىسە، ساڭا ئەگەشمىسە، جەننەتكە ئەمەس، دوۋزاققا كىرىدۇ) بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أهل الجنة: جرد مرد كحل لا يفنى شبابهم و لا تبلى ثيابهم (ت) عن أبي هريرة.

**94.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ بولسا، جەسەد، بەدەنلىرىدە تۈك يوقتۇر، (قولتۇق، ئەۋرەتلىرىدىمۇ زادى تۈك يوقتۇر) ئىڭىكىدىمۇ تۈك يوق، يەنى ساقال يوقتۇر، مەخسەت، شۇنداق گۈزەل، چىرايلىق، ئۇلارنىڭ ياشلىقلىرى تۈگىمەيدۇ، چىراي گۈزەللىك، تەنلىرىنىڭ قۇۋۋىتى تۈگىمەيدۇ، كىيىملىرى كونىرىمايدۇ، چىرىمايدۇ، تىرمىزى **2462** ـ ھەدىس، ئەھمەد **9006** ـ ھەدىس، ھەسەن دېگەن بولسىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئايەتتە شاھىدى بار، جەننەتتە جەننەت ئەھلى خالىغان نەرسە باردۇر.

(صحيح) أهل الجنة من ملأ الله تعالى أذنيه من ثناء الناس خيرا و هو يسمع و أهل النار من ملأ الله تعالى أذنيه من ثناء الناس شرا و هو يسمع (ه) عن ابن عباس

**95**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى دېگەن ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ مەدھىيە، ماختاشلىرىدىن ياخشىلىقنى لىق تولدۇرۇۋەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ مەدھىيە، ماختاشتىكى ياخشىلىقلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، (بۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ، ياخشى گۇۋاھلىق) دوۋزاخ ئەھلى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىپ، ئەيىبلەشلىرىنى لىق تولدۇرۇۋەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، (بۇ يامانلىق بىلەن بېرىلگەن گۇۋاھلىق، دوۋزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أهل النار كل جعظري جواظ مستكبر و أهل الجنة الضعفاء المغلوبون (ابن قانع ك) عن سراقة بن مالك

**96**. سوراقەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلى دېگەن ھەرقانداق سۆزى قوپال، چوڭچى، مۇتەكەببىر، پەخىرلىنىپ ماختىنىدىغان، كىبىر قىلىدىغان، مالنى كۆپلەپ توپلاپ، ئاللاھ يولىدا بەرمەيدىغان، كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردۇر، جەننەت ئەھلى بولسا، يۇۋاش، ئاجىز، دائىم مەغلۇپ بولۇپ باشقىلار تەرەپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان، زۇلۇم قىلىنىدىغان كىشىلەردۇر، ئىبنى قانىئ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.





أوصيكم بأصحابي ثم الذين يلونهم ثم يفشو الكذب حتى يحلف الرجل و لا يستحلف و يشهد الشاهد و لا يستشهد ألا لا يخلون رجل بامرأة إلا كان ثالثهما الشيطان عليكم بالجماعة و إياكم و الفرقة فإن الشيطان مع الواحد و هو مع الاثنين أبعد من أراد بحبوحة الجنة فليلزم الجماعة من سرته حسنته و ساءته سيئته فذلكم المؤمن (حم ت ك) عن عمر

**97**. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ساھابىلىرىمنى ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان تابىئىنلارنى ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتبائىلارنى لازىم تۇتۇشۇڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئاندىن كېيىن، يالغانچىلىق ئاشكارا يامراپ كېتىدۇ، ھەتتا، كىشى قەسەم تەلەپ قىلىنمىسىمۇ قەسەم قىلىپ كېتىدۇ، گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھچى يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن يالغۇز، خالىي جايغا چىقمىسۇن، ئۇنداق قىلماي خالىي جايغا چىقسا، ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ، (ئاندىن كېيىن، ئۈچىلىسى شەيتان بولىدۇ) سىلەر جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىكدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ، ئىككى كىشىدىن يىراقراق تۇرىدۇ، كىم جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قاپ ئوتتۇرىسىنى ئىرادە قىلسا، جامائەتنى لازىم تۇتسۇن، (بولۇپمۇ خەلىپە جامائىتىنى لازىم تۇتسۇن) كىمنى ياخشىلىق قىلىشى، خۇرسەن خۇشال قىلسا، يامانلىقى خاپا قىلسا، ئەنە شۇ كىشى مۆئمىندۇر، ئەھمەد **109** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **2354** ـ ھەدىس، تىرمىزى **2091** ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

أول زمرة تدخل الجنة على صورة القمر ليلة البدر و الثانية على لون أحسن من كوكب دري في السماء لكل رجل منهم زوجتان على كل زوجة سبعون حلة يبدو مخ ساقها من ورائها (حم ت) عن أبي سعيد

**98**. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەتلەر **14** كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە شۇنداق نۇرلۇق گۈزەل ھالدا كىرىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككىنچى جامائەت بولسا، ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكىنىڭ رەڭگىدە، نۇرىدا بولىدۇ، ئۇلاردىن ھەربىر ئەر كىشىگە ئىككىدىن ئايال بېرىلىدۇ، ھەربىر ئايالنىڭ ئۈستىدە 70 تون رىدا باردۇر، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يىلىكى شۇ تونلار، پاچاقلىرى ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ،

(ئۇلار شۇنداق گۈزەل، سۈزۈك، چىرايلىقتۇر) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ مۇسلىمدا ئوخششى بار بولۇپ، بۇ ھەدىسدىن ئايالالار بەكلا كۆپ يارىلىدىكەن دېيىلگەن).

(صحيح) أول شيء يأكله أهل الجنة زيادة كبد الحوت (الطيالسي) عن أنس

99.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى يەيدىغان تۇنجى نەرسە، لەھەك. بېلىقنىڭ جىگىرىدۇر،جىگەرپارچىسىدۇر. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أولاد المشركين خدم أهل الجنة (طس) عن سمرة وعن أنس

100. سۇمرەت، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇشرىكلارنىڭ باللىرى يەنى كىچىك ۋاپات بولغان باللىرى جەننەت ئەھلىنىڭ خادىمى، خىزمەتچىلىرىدۇر، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ. (باشقا خاتىرىلەردە ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ دىگەن)

(صحيح) أولياء الله تعالى الذين إذا رءوا ذكر الله تعالى (الحكيم) عن ابن عباس

101. ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالانىڭ دوستلىرى بولغان ئەۋلىيالار دىگەن دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ. ياكى ئۇلارنى باشقىلار كۆرگەن ھامان ئاللاھ ئەسلىنىدۇ. ئاللاھ تىلغا ئېلىنىپ، زىكىر ئېيتىلىدۇ. ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ، ئەۋلىيا دىگەن مۇتتەقىيلاردۇر. ئايەت.

(صحيح) ألا أخبركم بأهل الجنة ؟ كل ضعيف متضعف لو أقسم على الله لأبره ألا أخبركم بأهل النار ؟ كل عتل جواظ جعظري مستكبر (حم ق ت ن ه) عن حارثة بن وهب

102. ھارىس ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسا، ھەرقانداق زەئىپ، ئاجىز، ياۋاش، باشقىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ، بوزەك قىلىنىدىغان مۇسۇلماندۇر، دوۋزخ ئەھلى بولسا، مۇتەكەببىر، چوڭچى، مەنمەنچى، تىلى، دىلى قاتتىق قوپال، مال جۇغلاپ، ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمەيدىغان، كىبىر قىلىدىغان كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ھەققەتنى ئىنكار قىلىپ، بويۇنتاۋلۇق قىلىدىغان كىشىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى،





ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبركم برجالكم من أهل الجنة ؟ النبي في الجنة و الشهيد في الجنة و الصديق في الجنة و المولود في الجنة و الرجل يزور أخاه في ناحية المصر في الله في الجنة ؛ ألا أخبركم بنسائكم من أهل الجنة ؟ الودود الولود العئود التي إذا ظلمت قالت : هذه يدي في يدك لا أذوق غمضا حتى ترضى (الدارقطني في الأفراد طب) عن كعب بن عجرة

103. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بولغان ئەرلىرىڭلار بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ پەيغەمبەر جەننەتتە، شېھىد جەننەتتە، سىددىق جەننەتتە، ئىسلام ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۇچۇن تۇغۇلۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللار جەننەتتە، شەھەرنىڭ چەت جايلىرىدىكى قېرىندىشىنى ئاللاھ يولىدا زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇرغان كىشى جەننەتتە، جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللار بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئېرىنىلا ياخشى كۆرىدىغان، ئېرىگە سەممىي، سادىق، ئىتائەتچان، مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى كۆپ تۇغقان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان چاغدىمۇ ئېرىگە قايتىپ كېلىپ، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مانا بۇ قولۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا، مەن سىز رازى بولمىغۇچە ھەرگىز كۆز يۇممايمەن، ئۇخلىمايمەن دەيدىغان ئاياللاردۇر، دارىقۇتنى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىستە ناماز ئوقۇپ روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاپ، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، بۇ ئايال جەننەت ئەھلى دىگەن ھەدىس ئۆتتى، بۇ ھەدىستكى ئىشلار قوشۇمچە ئەخلاقدۇر.

ألا أدلك على باب من أبواب الجنة ؟ لا حول و لا قوة إلا بالله (حم ت ك) عن قيس بن سعد بن عبادة.

104. قەيىس ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ساڭا جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېيىشتۇر، تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشنى، ئىبادەتنى، مەئسىيەتتىن يېنىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ألا أدلك على سيد الاستغفار ؟ اللهم أنت ربي لا إله إلا أنت خلقتني و أنا عبدك و أنا على

عهدك و وعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت و أبوء لك بنعمتك علي و أعترف بذنوبي فاغفر لي ذنوبي إنه لا يغفر الذنوب إلا أنت لا يقولها أحد حين يمسي فيأتي عليه قدر قبل أن يصبح إلا وجبت له الجنة و لا يقولها حين يصبح فيأتي عليه قدر قبل أن يمسي إلا وجبت له الجنة (ت) عن شداد بن أوس

**105. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا سەييىدۇلئىستىغفارنى مەغپىرەت سوراشنىڭ ئەڭ كاتتا خوجىسىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ «ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لائىلاھە ئىللە ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئەبدۇكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە، ۋەۋەئدىكە مەستەتەئتۇ، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ۋە ئەبۇئۇ لەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەئتەرىفۇ بىزەنبى فەغفىرلى زۇنۇبى ئىننەھۇ لايەغفىرۇززۇنۇبەئىللائەنتە» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، سىلى مېنىڭ رەببىم، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى مېنى ياراتقان، مەن سىلىنىڭ بەندىلىرى، مەن قادىر بولۇشۇمچە سىلىگە بەرگەن ئەھدە، كېلىشىم، توختام، ۋەدىنىڭ ئۈستىدە بولىمەن. سىلىگە سېغىنىپ مەن قىلغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، مەن سىلىگە سىلىنىڭ ماڭا بولغان نىئمەتلىرى بىلەن قايتىمەن، بارلىق گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئىقرارمەن، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسىلە، گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچكىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا ئى رەببىم» بۇ ئىستىغفارنى بىر كىشى كەچ كىرگەندە دەپ شۇ كېچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم تەقدىر قىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئەتىگىنى دەپ كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە ئۆلۈم تەقدىرى كېلىپ قالسا، بۇ كىشىگىمۇ جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى ئەتىگەن – ئاخشام بۇ ئىستىغفارنى ئېيتىپ تۇرغان كىشى جەننەتكە لايىق بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇنىڭ مۇھىملىقىدىن تەرجىمىسىنى قوشۇپ قويدۇق، مەنىسىنى چۈشۈنۈپ بىلىپ ئوقۇڭ.**

(صحيح) ألا أدلك على غراس هو خير من هذا ؟ تقول : سبحان الله و الحمد لله و لا إلـه إلا الله و الله أكبر يغرس لك بكل كلمة منها شجرة في الجنة (ه ك) عن أبي هريرة.

**106. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ھۇرەيرە دەرەخ تىكىۋاتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆتتۇرىدىن ئۆتۈپ مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا بۇنىڭدىن**





**ياخشىراق دەرەخ تىكىشنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟، بولىدۇ يا رەسۇلۇللاھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، «سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەالله ئەكبەر» دېگىن، سەن ئۇچۇن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەربىر كەلىمىسىنىڭ باراۋىرىگە جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ تىكىلىدۇ، ئىبنى ماجە 3797 – ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ، مەخسەت، دەرەخ تىكىشتىن توسۇش ئەمەس، مۇشۇ جەننەت كاپلىرى بولغان سۆزنى كۆپ دېگۈزۈشتۇر.**

ألا أدلكم على ما يمحو الله به الخطايا و يرفع به الدرجات ؟ إسباغ الوضوء على المكاره و كثرة الخطا إلى المساجد و انتظار الصلاة بعد الصلاة فذلكم الرباط فذلكم الرباط (مالك حم م ت ن) عن أبي هريرة.

**107. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھتائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسا، مۇشەققەتلىك چاغلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ بېرىش، نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاش، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا تەييار تۇرۇشتۇر، ئەنە شۇ، ئاللاھ يولىدا جىھادقا تەييارلىق قىلغاندەك ئىشتۇر (بۇ رىبات تەييارلىق سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئاخىرىدا بار) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.**

ألا إن ربي أمرني أن أعلمكم ما جهلتم مما علمني يومي هذا كل مال نحلته عبدا حلال و إني خلقت عبادي حنفاء كلهم و إنهم أتتهم الشياطين فاجتالتهم عن دينهم و حرمت عليهم ما أحللت لهم و أمرتهم أن يشركوا بي ما لم أنزل به سلطانا ؛ و إن الله نظر إلى أهل الأرض فمقتهم عربهم و عجمهم إلا بقايا من أهل الكتاب و قال : إنما بعثتك لأبتليك و أبتلي بك و أنزلت عليك كتابا لا يغسله الماء تقرؤه نائما و يقظانا و إن الله أمرني أن أحرق قريشا فقلت يا رب إذن يثلغوا رأسي فيدعوه خبزة قال : استخرجهم كما استخرجوك و اغزهم نغزك و أنفق فسننفق عليك و ابعث جيشا نبعث خمسة مثله و قاتل بمن أطاعك من عصاك و أهل الجنة ثلاثة : ذو سلطان مقسط متصدق موفق و رجل رحيم رقيق القلب لكل ذي قربى و مسلم و عفيف متعفف ذو عيال ؛ و أهل النار خمسة : الضعيف الذي لا زبر له الذين هم فيكم تبع لا يبتغون أهلا و لا مالا و الخائن الذي لا يخفى

له طمع و إن دق إلا خانه و رجل لا يصبح و لا يمسي إلا و هو يخادعك عن أهلك و مالك ؛ و ذكر البخل و الكذب و الشنظير الفحاش (حم م) عن عياض بن حمار

**108. ئىياز ئىبنى ھەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مىنى بۈگۈنكى مۇنۇ كۈندە ماڭا ئۈگەتكەن، بىلدۈرگەن، سىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى سىلەرگە ئۈگىتىشىمنى بۇيرىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمگە ئاتا قىلىپ بەرگەن ماللار ھالالدۇر. ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ھەققە مايىل مۇسۇلمان ياراتتىم. ھەقىقەتەن ئۇلارغا شەيتانلار كىلىپ، ئۇلارنى دىنلىرىدىن چىقىرىپ ئازدۇرۇۋىتىدۇ. مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋىتىدۇ. ئۇلارنى ماڭا مەن بىرەر ھۆججەت، دەلىل – ئىسپات چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى شىرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىيدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زىمىن ئەھلىگە قاراپ ئازغىنا ئەھلى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە ئەرەپ، ئەجەملەرگە غەزەپ قىلدى. كايىدى ۋە دىدىكى ھەقىقەتەن مەن سىنى سىناپ، ئىمتىھان ئىلىش، سەن بىلەن باشقىلارنى سىناپ، ئىمتىھان ئىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم. ساڭا كىتاب قۇرئاننى نازىل قىلدىم. ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ چىقىرۋىتەلمەيدۇ. يەنى قوغدايمەن. ئۇنى سەن ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالدا ئوقۇيسەن. (چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىلى ئۇخلىمايتتى) ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مىنى قۇرەيشلەرنى كۆيدۈرۈۋىتىشىمگە بۇيرىدى. مەن ئاندىن ئى رەببىم، ئۇنداقتا ئۇلار بىشىمنى دەسسەپ، يەنجىپ، چەيلەپ بىردانە ياپىلاق تانندەك تاشلاپ قويىدۇ دىدىم. ئاللاھتائالا، ئۇنداق بولسا، ئۇلار سىنى قوغلاپ چىقارغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل، بىز ساڭا ياردەم بىرىمىز. ئاللاھ يولىدا خەژلە، ساڭىمۇ خەژلىنىدۇ. قوشۇن ئەۋەتكىن، بىزمۇ سىنىڭ قوشۇنىڭدەك بەش ھەسسە قوشۇن ئەۋەتىمىز. ساڭا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرگە ساڭا ئاسىي بولغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغىن.**

**جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.**

**1. ئادىل، سەممىي، راستچىل، تەۋپىق تاپقان، سۇلتان، پادىشاھ.**

**2. دىلى يۇمشاق، مىھرىبان، ھەرقانداق يىقىن تۇغقان ۋە مۇسۇلمانلارغا قەلبى يۇمشاق، رەھىمدىل كىشىدۇر.**

**3. ھارامدىن ساقلانغان ئىپپەتلىك، سائىللىق قىلىشدىنمۇ ئىپپەتلىك، كۆپ**





**ئەھلى باللىرى بولغان مۇشەققەتلىك مۇسۇلماندۇر.**

**دوۋزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك بولىدۇ؛**

**1. لايىق بولمايدىغان ئىشلاردىن توسۇپ قالغىدەك ئەقىل – پاراسەت يوق، دائىم سىلەرگە ئەگىشىۋالىدىغان يا ئەھلى، يا مالنى تەلەپ قىلمايدىغان، دىن، دۇنيادا نەتىجىسى يوق، ئاجىز، دۆت كىشىدۇر.**

**2. كىچىككىنە تاما قىلغۇدەك نەرسە كۆرۈنسىلا خيانەت قىلىدىغان خائىندۇر.**

**3. تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، دائىم دىگۈدەك ئەھلىڭ ۋە مىلىڭ توغرىسىدا سىنى ئالدايدىغان ھىيلە – مىكىر قىلىدىغان كىشىدۇر.**

**4. بىخىل ياكى كاززاپ كىشىدۇر.**

**5. ئەخلاقى يامان، ناچار ئەخلاقلىق، پاھىشە ئىشنى قىلغۇچى، پاھىشە سۆزلىگۈچى كىشىدۇر، (چۈنكى، بۇ ھاياسىزدۇر) مۇسلىم 5109 – ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4250 – ھەدىس، ئىبنى ماجە 4169 – ھەدىس، ئەھمەد 17616 – ھەدىس، سەھىھ.**

ألا إن من قبلكم من أهل الكتاب افترقوا على ثنتين و سبعين ملة و إن هذه الملة ستفترق على ثلاث و سبعين ثنتان و سبعون في النار و واحدة في الجنة و هي الجماعة و إنه سيخرج من أمتي أقوام تجارى بهم تلك الأهواء كما يتجارى الكلب لصاحبه لا يبقى منه عرق و لا مفصل إلا دخله (د) عن معاوية.

**109. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بولۇڭلار ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى ئەھلى كىتابلار 72 مىللەت، دىنغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ھەقىقەتەن بۇ مىللەت پات يىقىندا 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كىتىدۇ، 72سى دوۋزاختا بولىدۇ، پەقەت بىرسى جەننەتتە بولىدۇ، ئۇلار بولسا، جامائەت (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار، تابىئىنلاردەك ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەردۇر) ھەقىقەتەن بۇندىن كىيىن، مىنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئاشۇ ھاۋايى – ھەۋەسلەر، تەپرىقچىلىقلەر، ئۇلارغا خۇدى ئىت ئىگىسىگە چاپلىشىپ، لازىم تۇتۇۋالغاندەك، كەڭ تارقىلىپ چاپلىشىپ، چىرمىشىپ لازىم تۇتۇۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەربىر تومۇر، مەپسەللەر قالماي ئۇ ھاۋايى – ھەۋەس، تەپرىقچىلىك**

كىرىۋالىدۇ، چىرمىۋالىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 3981 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16329 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) أيما مسلم شهد له أربعة بخير أدخله الله الجنة أو ثلاثة أو اثنان (حم خ ن) عن عمر

110. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشىگە تۆت كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، (يەنى بۇ بەندە ھەقىقەتەن سالىھ، ياخشى كىشى ئىدى، ئەمەل قىلىدىغان، ئالىم ئىدى، مۇجاھىد ئىدى دېسە) ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ياكى ئىككى ئۈچ كىشى شۇنداق ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسىمۇ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، (چۈنكى، مۇسۇلمانلار، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى، ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، راستىنى دەيدۇ، پەرىشتىمۇ يوقنى يېزىپ قويمايدۇ) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أيها الناس اتقوا الله و أجملوا في الطلب فإن نفسا لن تموت حتى تستوفي رزقها و إن أبطأ عنها فاتقوا الله و أجملوا في الطلب خذوا ما حل و دعوا ما حرم (ه) عن جابر

111. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، رىزقى تەلەپ قىلىشتا چىرايلىق تەلەپ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ھەربىر جان ئىگىسى گەرچە كېچىكىپ كەلسىمۇ، رىزقى توشماي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ، (رىزقىنىڭ كېچىكىپ قېلىشى سىلەرنى گۇناھكار قىلمىسۇن) ئاللاھدىن قورقۇڭلار، چىرايلىقچە تەلەپ قىلىڭلار، ھالال بولغىنىنى ئېلىڭلار، ھارام بولغىنىنى قويۇپ قويۇڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئەي ئىنسان، ساڭا پۈتۈلگەن رىزقى چوقۇم كېلىدۇ، ئالدىراپ كېتىپ گۇناھكار بولما، رىزقىڭ تۈگىمەي تۇرۇپ ئۆلمەيسەن، ھالالدىن يېگىن.

(صحيح) الإيمان بضع و سبعون شعبة فأفضلها قول: لا إله إلا الله و أدناها إماطة الأذى عن الطريق و الحياء شعبة من الإيمان (م د ن ه) عن أبي هريرة

112. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان 70 نەچچە شاخچىدۇر، ئەڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دېگەن شۇئار، سۆزدۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى، ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يوقىتىۋېتىشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.





113 (صحيح) الإيمان بضع و ستون شعبة و الحياء شعبة من الإيمان (خ) عن أبي هريرة

113. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان 60 نەچچە شاخچىدۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

مەن بۇ جايدا ھەممىمىزنىڭ كامىل مۆئمىنلەردىن بولۇپ قېلىشىمىز ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسكە يازغان شەرھى، ئىزاھاتلىرىدىن ئاشۇ 70 نەچچە شاخچىلارنى يېزىشنى لايىق كۆردۈم، ئېلىنغان ئورۇن، بۇخارى، شەرھىسى پەتھۇلبارى، مىشكات شەرھىسى، مىرقات، ئىماننىڭ 70 نەچچە شاخچىلىرى.

1. ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئوخشىشى يوق زات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

2. پەرىشتىلىرىگە..3. كىتابلىرىغا، 4. ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە، 5. تەقدىرىگە ئىشىنىش.

6. ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش.

7. قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە، ھېساب، مىزان، سىرات كۆۋرۈكى، جەننەت ـ دوۋزاخقا ئىشىنىش.

8. ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە ئىشىنىش.

9. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش.

10. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتۇش.

11. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش.

12. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلۇغلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش.

13. ئىخلاس قىلىش، رىياخور، مۇناپىق بولماسلىق.

14. تۆۋبە قىلىش. 15. ئاللاھدىن قورقۇش. 16. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش. 17. شۈكرى قىلىش. 18. ۋاپا قىلىش. 19. سەۋرى قىلىش. 20. رازى بولۇش. 21. تەۋەككۇل قىلىش، 22. رەھىم ـ شەپقەت قىلىش.

23. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش،

شەيخلەرگە ھۆرمەت قىلىش.

24. كىبىر قىلماسلىق، تەئەججۇپلەنمەسلىك.

25. ھقدە، ھەسەد قىلماسلىق.

26. غەزەپ قىلماسلىق، ئاچچىقلانماسلىق.

27. تەۋھىد كەلىمىسىنى، شاھادەتنى تىلدا ئىقرار قىلىش.

28. قۇرئان تىلاۋىتى، 29. ئىلىم ئېلىش.

30. ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئۆگىتىش.

31. دۇئا قىلىش، 32. زىكىر ـ تەسبىھ، ئىستىغفار.

33. لەغۋە، قۇرۇق سۆز ـ ھەرىكەتتىن يىراق بولۇش.

34. ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىش.

35. ئەۋرەتنى يېپىش، 36. پەرز ۋە نەپلە ناماز، 37 ـ زاكات.

38. قۇل ئازاد قىلىش، 39. سېخىيلىق قىلىش، تائام بېرىش.

40. مېھماننى ھۆرمەتلەپ كۈتۈش، 41. پەرز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش.

42. ھەج قىلىش، ئۆمرە ھەج قىلىش.

43. تاۋاپ قىلىش، 44. رامىزاندا ئېتىكاپ قىلىش.

45. قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ تۈنەش.

46. دىنىسىزلار زېمىنىدىن، ئىمانى، دىنى بىلەن كۆچۈش، پىتنىدىن قېچىش.

47. ۋەدىگە نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، قەسەمگە ۋاپا قىلىش، كاپارەت بېرىش.

48. نىكاھ بىلەن ئىپپەتلىك بولۇش.

49. ئەھلى بالىلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش.

50. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ۋارقىرىماسلىق.

51. ئەۋلادلارنى ئىسلامى تەربىيلەش.

52. سىلە ـ رەھىم قىلىش، تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش.





53. ئىسلامى باشلىق، خوجايىنغا ئىتائەت قىلىش، خادىم، قۇللارغا مېھرىبان بولۇش.

54. خەلىپە، ئەمىرلىكنى بەرپا قىلىشى، ئادىل بولۇش.

55. خەلىپە جامائىتىگە، مەسجىد جامائىتىگە ئەگىشىش، ئايرىلىۋالماسلىق.

56. خەلىپىلەرگە، ئەمىر، باشچىلارغا ئىتائەت قىلىش.

57. كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، كېلىشتۈرۈش.

58. ياخشىلىققا ياردەم بېرىش.

59. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش.

60. ھەد، جازالارنى تۇرغۇزۇش.

61. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، تەييارلىق قىلىش.

62. ئامانەتنى ئادا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق.

63. قەرزنى ۋاپا قىلىپ قايتۇرۇش.

64. خوشنىلارنى ھۆرمەتلەش.

65. مۇئامىلىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش، ئەخلاقتا گۈزەل بولۇش.

66. پۇل ـ مالنى ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تېپىش.

67. ماللارنى ئىسراپ قىلماي، جايىدا خەجلەش.

68. سالام قايتۇرۇش، 69. چۈشكۈرۈككە جاۋاپ قايتۇرۇش، تەشەككۇر بىلدۈرۈش.

70. كەڭ قورساق بولۇپ، ئەپۇچان بولۇش.

71. ئاللاھ يولىغا، ئىسلام جىھاد يولىغا دەۋەت قىلىش.

72. لەھۋە،لەغۋىدىن، ئەزىيەتتىن، ئازاربېرىشىدىن يىراق بولۇش، ھارامدىن يىراق بولۇش.

73. مۇسۇلمان يولىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىۋېتىش.

يۇقىرىسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇش، ئوتتۇر دەرىجىسى، ھايا قىلىش بولغان، 70 نەچچە ئىمان شاخچىسى ئەنە شۇلاردۇر،

ۋەللاھۇ ئەئلەم.

يۇقىرقى شاخچا، مەسىلىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىلدۇر، دەلىللەر يۇقىردا ئۆتتى، يەنە كېلىدۇ، ئەي ئىنسانلار، ئەي مۇسۇلمانلار! ئى قېرىنداشلار! مانا مۇشۇ شاخچىلارنى مۇكەممەل قىلىپ، كامىل ئىمان بىلەن ئاللاھقا ئۇچقۇشۇپ، جەننەتكە كىرىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى، دىدارىنى كۆرۈشنى قولغا كەلتۈرەيلى! ئاللاھ ئاسان قىلسۇن، ئامىن!.

بينا أنا أسير في الجنة إذ عرض لي نهر حافتاه قباب اللؤلؤ المجوف قلت: يا جبريل ما هذا ؟ قال: هذا الكوثر الذي أعطاكه الله ثم ضرب بيده إلى طينه فاستخرج مسكا ثم رفعت لي سدرة المنتهى فرأيت عندها نورا عظيما (خ ت) عن أنس

**114**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا مەن جەننەت ئىچىدە سەير قىلىپ كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز ماڭا بىر ئۆستەڭ ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭ ئىككى گىرۋىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر، مارجان، گۇمبەزدىن ئىكەن، مەن ئى جىبرىئىل، بۇ قايسى ئۆستەڭ؟ دېسەم، ئۇ، بۇ ئاللاھتائالا ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇ دېدى، ئاندىن قولى بىلەن ئۇ ئۆستەڭنىڭ لىيىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئۇ لايدىن مىسكە ئەنبەر چىقاردى، (يەنى ئۇنىڭ لىيى مىسكە ئەنبەر ئىكەن) ئاندىن ماڭا سىدرەتۇلمۇنتاھا كۆرسىتىلدى، مەن ئۇنىڭ نەزلىدە بەكمۇ ئۇلۇغ، كاتتا نۇرنى كۆردۈم، بۇخارى، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

(صحيح) تابعوا بين الحج و عمرة فإنهما ينفيان الفقر و الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد و الذهب و الفضة و ليس للحجة المبرورة ثواب إلا الجنة (حم ت ن) عن ابن مسعود

**115**. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىڭلار، ھەققەتەن بۇ ئىككى ھەج، خۇددى كورەك ئوتى،تۆمۈر،ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ، يوق قىلغاندەك، پېقىرلىق بىلەن گۇناھلارنى تازىلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ،قوبۇل بولغان ياخشى ھەج ئۈچۈن پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، جەننەتتىن باشقا ساۋاب يوق، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى تويلىغان، سەھىھ، پېقىرلىقنى يوقىتىدۇدېگىنى، پېقىرلىقدىن ئەنسىرىمەي، ھەج قىلىڭلار، يەنىلاباي بولىسىلەردىگىنىدۇر.





تفتح أبواب الجنة يوم الاثنين و يوم الخميس فيغفر فيها لكل عبد لا يشرك بالله شيئا إلا رجلا كانت بينه و بين أخيه شحناء فيقال: انظروا هذين حتى يصطلحا (خد م د ت) عن أبي هريرة

**116**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى دۈشەنبە كۈنى، پەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ، بۇ كۈنلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بارلىق بەندىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كەچۈرۈلىدۇ، لېكىن، ئارىلىقدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بار كىشىلەر مەغپىرەت قىلىنمايدۇ قالىدۇ، ئۇلار توغرىسىدا بۇ ئىككىسى يارىشىۋالغىچە، كېلىشىۋالغىچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دېيىلىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپتە تويلىغان، سەھىھ.

تقبلوا لي بست أتقبل لكم بالجنة إذا حدث أحدكم فلا يكذب و إذا وعد فلا يخلف و إذا ائتمن فلا يخن غضوا أبصاركم و كفوا أيديكم و احفظوا فروجكم (ك هب) عن أنس

**117**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا سىلەر ئالتە ئىشقا كېپىل بولۇپ بۇ ئىشلارنى قوبۇل قىلساڭلار، مەن سىلەرگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن.

1. بىرىڭلار سۆز قىلسا، يالغان سۆز قىلمىسۇن.
2. ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلمىسۇن،
3. ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلمىسۇن.
4. كۆزۈڭلارنى ھارامدىن يۇمۇڭلار، 5. قولۇڭلارنى ھارامدىن، گۇناھدىن يىغىڭلار.
6. ئەۋرەتىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، ھاكىم، بەيھەقى تويلىغان، سەھىھ.

تكفل الله لمن جاهد في سبيله لا يخرجه من بيته إلا الجهاد في سبيله و تصديق كلماته بأن يدخله الجنة أو يرجعه إلى مسكنه الذي خرج منه مع ما نال من أجر أو غنيمة (ق ن) عن أبي هريرة.

**118**.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان، ئۇنى پەقەت ئاللاھ يولىدىكى جىھادلا ئۆيىدىن چىقارغان، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى قۇرئاننى

**تەستىقلاش، ئىشىنىشلا ئۈيدىن چىقارغان كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە كېپىل بولىدى، ياكى ئۇنى ئۇ ئېرىشكەن ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن بىرگە ئۆيگە قايتۇرۇشقا كېپىل بولىدى، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستە، ئاللاھقا، ئۇنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈپ، تەستىقلىغان، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلغان كىشى، ئەجىر، غەنىيمەتنىمۇ ئالىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ.**

(صحيح) تكون الأرض يوم القيامة خبزة واحدة يتكفؤها الجبار بيده كما يتكفأ أحدكم خبزته في السفر نزلا لأهل الجنة (حم ق م) عن أبي سعيد

**119. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىمىن قىيامەت كۈنى بىر دانەناندەك بولۇپ قالىدۇ، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى جەببار ئاللاھ زىمىننى ئۆز قولى بىلەن خۇددى بىرىڭلار سەپەر تەييارلىقىغا ناننى راستىلىغاندەك جەننەت ئەھلىگە زىياپەت بېرىش ئۈچۈن قولدىن ـ قولغا يۆتكەپ، راسلايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ 5000 ـ ھەدىسىدە، قىيامەت ۋە جەننەتنىڭ سۈپىتىدە بۇ ھەدىسنى كەلتۈرگەن، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسكە شەرھى يېزىپ، ئاللاھتالا قىيامەت كۈنى زىمىننى چوڭ بىر دانە نان قىلىپ جەننەت ئەھلى ئۈچۈن زىياپەت بېرىدۇ، ئۇلار بۇ نان بىلەن بىرگە كالا گۆشى، لەھەڭنىڭ جىگەر پارچىسىنى يەپ ناشتا قىلىدۇ دىگەن، ئاللاھ قادىردۇر.**

ثلاثة قد حرم الله عليهم الجنة: مدمن الخمر و العاق و الديوث الذي يقر في أهله الخبث (حم) عن ابن عمر

**120. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە ئاللاھتائالا جەننەتنى جەزمەن ھارام قىلدى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى زاباي كىشىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەردەن قاققۇچىغا، ئەھلىگە نىجىس كىشىنى، پاھىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان، خوتۇن قىزلىرىدىن كۈندەشلىك قىلمايدىغان، دەيۈزگە جەننەتنى ھارام قىلدى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.**

ثلاثة لا ينظر الله إليهم يوم القيامة: العاق لوالديه و المرأة المترجلة المتشبهة بالرجال و الديوث و ثلاثة لا يدخلون الجنة: العاق لوالديه و المدمن الخمر و المنان بما أعطى (حم ن ك) عن





ابن عمرو.

**121. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا قارىمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەردەن قاققۇچى، ئەرلەرگە ھەر جەھەتتىن ئوخشىۋالغۇچى ئايال، ئەھلىنى كۈنلىمەس، كۈندەشلىكى يوق دەيۈز، ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى قوپال سۆزلىگۈچى، ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى زاباي، بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلغۇچى مىننەتخور، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

جنتان من فضة آنيتهما و ما فيهما و جنتان من ذهب آنيتهما و ما فيهما و ما بين القوم و بين أن ينظروا إلى ربهم إلا رداء الكبرياء على وجهه في جنة عدن (ق ت ن ه) عن أبي موسى

**122. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى جەننەت كۈمۈشتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاچىسى ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ كۈمۈشتۇر، ئىككى جەننەت ئالتۇندىن بولۇپ، قاچىلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ ئالتۇندۇر، جەننەت ئەدنى دىكى قەۋملەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرۇشى ئارىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق جامالىغا لايىق رىداسى باردۇر، كاتتىلىقى باردۇر، (يەنى ئۇلار ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق) بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.**

الجنة أقرب إلى أحدكم من شراك نعله و النار مثل ذلك (حم خ) عن ابن مسعود

**123. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت بىرىڭلارغا ئاياغ شوينىسىدىنمۇ يېقىندۇر، دوۋزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، يەنى جەننەت بىلەن دوۋزاخقا ئاپىرىدىغان يېقىن قىلىدىغان، تائەت ئىبادەت بىلەن گۇناھ ـ مەئسىيەت يېقىندۇر، پەتھۇلبارىدىن ئېلىندى.**

الجنة بناؤها لبنة من فضة و لبنة من ذهب و ملاطها المسك الأذفر و حصباؤها اللؤلؤ و الياقوت و تربتها الزعفران من يدخلها ينعم لا يبأس و يخلد لا يموت لا تبلى ثيابهم و لا يفنى شبابهم (حم ت) عن أبي هريرة.

**124.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ بىنالىرى، قۇرۇلۇشلىرى، بىر قىشى كۈمۈشتىن، بىر قىشى ئالتۇندىن، بۇقىشلارغا قويىدىغان لايلىرى خۇشپۇراق مىسكە ـ ئەنبەردۇر، نەقىش تاشلىرى بولسا، گۆھەر، مارجان، ياقۇتتۇر، تۇپرىقى زەئپىراندۇر، جەننەتكە كىرگەن كىشى مەڭگۈ نېئمەتتە لەززەت ئالىدۇ، كېسەل بولمايدۇ، ئازابلانمايدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، ياشلىقى تۈگەپ كەتمەيدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ، ئەھمەد **2700** ـ ھەدىس، بۇخارى **3005** ـ ھەدىس، مۇسلىم **5067** ـ ھەدىس، تىرمىزى **2450** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الجنة لها ثمانية أبواب و النار لها سبعة أبواب (ابن سعد) عن عتبة بن عبد .

**125.** ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى باردۇر، دوۋزاخنىڭ بولسا، يەتتە ئىشىكى باردۇر، (بۇ، قۇرئاندىمۇ باردۇر) ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض و الفردوس أعلى الجنة و أوسطها و فوقه عرش الرحمن و منها يتفجر أنهار الجنة فإذا سألتم الله فاسألوه الفردوس (ه) عن معاذ (ك) عن عبادة بن الصامت وأبي هريرة (ابن عساكر) عن أبي عبيدة بن الجراح .

**126.** مۇئاز ئۇبادەت ئىبنى سامىت، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە **100** دەرىجە باردۇر، ھەربىر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر، (دەرىجىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار) پىردەۋس دېگەن جەننەت، جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىندە، قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، رەھمانتائالانىڭ ئەرشى، پىردەۋسنىڭ ئۈستىدىلا. جەننەتلەرنىڭ بۇلاق، ئۆستەڭلىرى، پىردەۋسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئاللاھدىن سورىساڭلار، پىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، (چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۈستۈندۇر)، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىرلار توپلىغان، سەھىھ، ئى ئاللاھ، بىزنى پىردەۋسكە كىرگۈزسىلە، ئامىن!.

(صحيح) حجبت النار بالشهوات و حجبت الجنة بالمكاره (خ) عن أبي هريرة





**127.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ، شەھۋەتلەر بىلەن پەردىلەندى، جەننەت بولسا، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن پەردىلەندى، (كىم ئاشۇ پەردىلەرنى بۆسۈپ ئۆتسە، بۇ ئىككىسىگە كىرىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) الحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة (طب) عن ابن عباس (حم) عن جابر

**128.** ئىبنى ئابباس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەقبۇل بولغان ھەجگە جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، تەبرانى، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

(حسن) الحج جهاد كل ضعيف (ه) عن أم سلمة

**129.** ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەج قىلىش ھەرقانداق ئاجىز، زەئىپ كىشىلەرنىڭ جىھادىدۇر، (ھەج ئاياللارنىڭ جىھادى دېگەن ھەدىس ئۆتتى) ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) الحياء من الإيمان و الإيمان في الجنة و البذاء من الجفاء و الجفاء في النار (ت ك هب) عن أبي هريرة (خد ه ك هب) عن أبي بكرة (طب هب) عن عمران بن حصين.

**130.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ بۇكرەت، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئىمان جەننەتتە (يەنى ھايا ۋە ئىمان ئەھلى جەننەتتەبۇلىدۇ). قېلىن پاھىشە سۆزلەش، ئىغىزى بەزەپلىك، قەلبىنىڭ قاتتىقلىقى، ئەخلاقى، تەبىئىتى قوپاللىق، سىلە ـ رەھىم قىلماسلىقدىندۇر،بۇ دوۋزاختا بولىدۇ،، تىرمىزى **1932** ـ ھەدىس، ئەھمەد **10108** ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

خصلتان لا يحافظ عليهما عبد مسلم إلا دخل الجنة ألا و هما يسير و من يعمل بهما قليل يسبح الله في دبر كل صلاة عشرا و يحمده عشرا و يكبره عشرا فذلك خمسون و مائة باللسان و ألف و خمسمائة في الميزان و يكبر أربعا و ثلاثين إذا أخذ مضجعه و يحمده ثلاثا و ثلاثين و يسبح ثلاثا و ثلاثين فتلك مائة باللسان و ألف في الميزان فأيكم يعمل في اليوم و الليلة ألفين و

خمسمائة سيئة (حم خد 4) عن ابن عمرو

**131. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ئىككى خىسلەت ئىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دائىم قىلىپ بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ ئىككى ئىش بەك ئاساندۇر، ئۇ ئىشلارغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر بەك ئازدۇر، بىرى ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھتائالاغا 10 تەسبىھ، 10 ھەمدە، 10 تەكبىر ئېيتىدۇ، ئەنە شۇ بەش نامازدا، تىلدا 150 بولىدۇ، قىيامەت كۈنى مىيزاندا 1500 بولىدۇ، ئىككىنچى ئىش شۇكى، ياتاقنى تۇتۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا ئاللاھتائالاغا 34 تەكبىر، 33 ھەمدە، 33 تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەنە شۇ تىلدا 100 بولىدۇ، قىيامەت كۈنى مىيزاندا 1000 بولىدۇ، قايسىڭلار بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 2500 يامان گۇناھ ئىشنى قىلىدۇ؟ (يەنى بۇ 2500 ياخشىلىق بولىدۇ، 2500 يامانلىق بولمىغاچقا، جەننەتكە كىرىدۇ) ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ساھابىلار، تابىئىنلار، تا ھازىرقىلارمۇ نامازدىن كېيىن 33دىن ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ.**

خلق الله آدم على صورته و طوله ستون ذراعا ثم قال: اذهب فسلم على أولئك النفر و هم نفر من الملائكة جلوس فاستمع ما يحيونك فإنها تحيتك و تحية ذريتك فذهب فقال: السلام عليكم فقالوا: السلام عليك و رحمة الله فزادوه و رحمة الله فكل من يدخل الجنة على صورة آدم في طوله ستون ذراعا فلم تزل الخلق تنقص بعده حتى الآن (حم ق) عن أبي هريرة

**132. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئادەم ئاتىنى ئۆزىگە خاس، ئالاھىدە گۈزەل سۇرەتتە ياراتتى، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەزدۇر، ئاندىن، بارغىن، ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرگە سالام قىلغىن، ئۇلارنىڭ ساڭا قايتۇرغان سالامىغا قۇلاق سالغىن، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ ۋە بالىلىرىڭنىڭ سالامى بولىدۇ، ئادەم بېرىپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىدى، ئۇلار ئەسسالامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمەتۇللا دەپ كېيىنكى رەھمەت يوللاشنى زىيادە قىلدى، جەننەتكە كىرىدىغان ھەرقانداق كىشى ئادەم ئاتىنىڭ سۇرىتىدە بولىدۇ، ئېگىزلىكى 60 گەز ئىدى، يارىلىش، جىسىم ئادەمدىن باشلاپ ھازىرغىچە كاملاپ، كىچىكلەپ كەلدى، ئەھمەد بىلەن بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.**

**1. ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئاللاھ تۇپراقتىن ياراتتى.**





**2. ئادەمنى ئاللاھتائالا ئۆز قولى بىلەن مەخسۇس گۈزەل سۇرەتتە ياراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ سۇرىتىدە جەننەتكە كىرىدۇ.**

**3. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەز ئىدى.**

**4. كاملاش، كىچىكلەش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىغىچە بولغان، ئۇندىن كېيىن ھەم ھازىر ھەم كەلگۈسىدە كىچىكلىمەيدۇ.**

**5. سالام قەدىمى ئىبادەتتۇر.**

**6. سالام قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر.**

**7. ئاللاھتائالا ئوخشىشى يوق ھالەتتە سۆز قىلىدۇ.**

خمس صلوات كتبهن الله على العباد فمن جاء بهن لم يضيع منهن شيئا استخفافا بحقهن كان له عند الله عهد أن يدخله الجنة و من لم يأت بهن فليس له عند الله عهد إن شاء عذبه و إن شاء أدخله الجنة..

(مالك حم د ن ه حب ك) عن عبادة بن الصامت

**133. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا بەش ۋاخ نامازنى بەندىلەرگە پەرزى قىلىپ پۈتتى، كىم بۇ نامازلارنىڭ ھەققىدىن بىرەر نەرسىنى يەڭگىل ساناپ، ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى زايا قىلىۋەتمەي، بەش نامازنى تولۇق كەلتۈرەلىسە، (يەنى زايا قىلماي، يەڭگىل سانىماي، تولۇق كەلتۈرسە) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىلىدە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەھدە توختام بولىدۇ، كىم بۇ بەش نامازنى تولۇق ئادا قىلالمىسا، كەلتۈرەلمىسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىلىدە ئەھدە بولمايدۇ، ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، ئەگەر خالىسا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) خمس من عملهن في يوم كتبه الله من أهل الجنة: من صام يوم الجمعة و راح إلى الجمعة و عاد مريضا و شهد جنازة و أعتق رقبة (ع حب) عن أبي سعيد

**134. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بەش ئىشنى بىر كۈن ئىچىدە قىلالىسا، ئاللاھتائالا**

ئۇ كىشىنى جەننەت ئەھلىدىن قىلىپ يازىدۇ. كىم جۈمئە كۈنى روزا تۇتسا، جۈمئەگە بالدۇر بارسا، كېسەل كىشىنى يوقلىسا، جىنازىغا قاتناشسا، بىر قۇل ئازاد قىلسا، (ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ) ئەبۇ يەئلا. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

صحيح الترمذي (2038)

دب إليكم داء الأمم قبلكم: الحسد و البغضاء هي الحالقة حالقة الدين لا حالقة الشعر و الذي نفس محمد بيده لا تدخلوا الجنة حتى تؤمنوا و لا تؤمنوا حتى تحابوا أفلا أنبئكم بشيء إذا فعلتموه تحاببتم أفشوا السلام بينكم (حم ت الضياء) عن الزبير

135. زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھىقدە، ھەسەد، ئۆچ - ئاداۋەتلىرىدىن ئىبارەت، كېسەللىكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆمىلەپ كىرىۋالدى، ئۇ بولسا، چاچنى ئەمەس، دىننى چۇشۇرۇپ تاشلىغۇچى ھالاك قىلغۇچىدۇر. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە ئەگەر ئىجرا قىلساڭلار، ئۆزئارا دوستلىشالايدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا، كەڭرى قىلىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن،

(صحيح) دخلت الجنة فإذا أنا بنهر حافتاه خيام اللؤلؤ فضربت بيدي إلى ما يجري فيه الماء فإذا مسك أذفر فقلت: ما هذا يا جبريل؟ قال: هذا الكوثر الذي أعطاكه الله (حم خ ت ن) عن أنس

135. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتكە كىرسەم، ناگاھان بىر ئۆستەڭ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى قىرى، گىرۋىكى ئىچى كاۋاك، گۆھەر زەبەرجەتتىن بولغان چېدىرلار بىلەن ئورالغان ئىكەن، سۇ ئېقىۋاتقان جايغا قولۇمنى سىلىپ ئۇرۇپ باقسام، ناگاھان ئۇ مىسكە، خۇشپۇراق ئەنبەر ئىكەن، يا جىبرىئىل بۇ نىمە؟ دىسەم، ئۇ: بۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇدۇر دىدى، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، سەھىھ.





(صحيح) دخلت الجنة ليلة أسري بي فسمعت في جانبها وجسا فقلت: يا جبريل ما هذا؟ قال: هذا بلال المؤذن (حم ع) عن ابن عباس

136. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى مەن جەننەتكە كىرىپ، جەننەتنىڭ بىر تەرىپىدە مەخپى شىپ - شىپ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم، ئى جىبرىئىل، بۇ نىمە ئىش؟ دىسەم، ئۇ ماڭا بۇ مۇئەززىن بىلال بولىدۇ دىدى، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ، مۇئەززىنلىك ئەۋزەل ئىش.شۇنداقلا ئىككى رەكئەت شۈكۈر ۋۇزۇئ نامىزى ئوقىغان.

(رأيت إبراهيم ليلة أسري بي فقال: يا محمد أقرئ أمتك السلام و أخبرهم أن الجنة طيبة التربة عذبة الماء و أنها قيعان و غراسها: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبرولا حول و لا قوة إلا بالله) طب عن ابن مسعود

137. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى، مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مەندىن ئۈممىتىڭگە سالام دىگىن، ۋە ئۇلارغا مۇنۇ ئىشنى خەۋەر قىلغىن، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ تۇپرىقى پاك - پاكىز مۇنبەتتۇر، سۈيى تاتلىقتۇر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تۇپرىقى تۈپتۈز، دەرەخ يوقتۇر، ئۇنىڭ دەرىخى مۇنۇ تەسبىھدۇر، «سۇبھانەللا، ئەلھەمدۇلىللاھ ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر»، (لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

رباط شهر خير من صيام دهر و من مات مرابطا في سبيل الله أمن من الفزع الأكبر و غدي عليه برزقه و ريح من الجنة و يجرى عليه أجر المرابط حتى يبعثه الله (طب) عن أبي الدرداء

138. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا بىر ئاي جىھادنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش، پۈتۈن زامان روزا تۇتقاندىن ياخشىدۇر، كىم، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات توقۇپ، تەييارلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، چوڭ قورقۇنجدىن قاتتىق چۆچۈشدىن ئەمىن بولىدۇ، ئۇنىڭ رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن - ئاخشام يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھتالا ئۇنى تىرىلدۈرۈپ قوپارغانغا قەدەر ئۇ كىشىگە مۇجاھىدنىڭ جىھادقا تەييارلىق قىلغۇچىنىڭ ئەجرى،

مۇكاپاتى يېتىپ تۇرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

رباط يوم في سبيل الله خير من الدنيا و ما عليها و موضع سوط أحدكم من الجنة خير من الدنيا و ما عليها و الروحة يروحها العبد في سبيل الله أو الغدوة خير من الدنيا و ما عليها (حم خ ت) عن سهل بن سعد

**139. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كۈن جەڭ تەييارلىقى پۈتۈن دۇنيادىن بۇ دۇنيانىڭ ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ ئورنى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، (چۈنكى، ئۇ جەننەتكە كىرگەنلىك بولىدۇ) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن بەندىنىڭ ئەتىگەن ئاخشام بېرىپ ـ كېلىشى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.**

رغم أنف رجل ذكرت عنده فلم يصل علي و رغم أنف رجل دخل عليه رمضان ثم انسلخ قبل أن يغفر له و رغم أنف رجل أدرك عنده أبواه الكبر فلم يدخلاه الجنة (ت ك) عن أبي هريرة

**140. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئالدىدا، ھوزۇرىدا، تىلغا ئېلىنسام، ماڭا دۇئايى ـ دۇرۇت، سالام يوللىمىغان كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسۇن، رامىزان ئېيى كىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمىگەن، ئۆزى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنماي، بۇ ئاي چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ بۇرنىغىمۇ قۇم تىقىلسۇن، ئۆز نەزلىدە ئاتا ـ ئانىسى قېرىپ قالغان، ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى جەننەتكە ئەكىرەلمىگەن كىشىنىڭ يەنى قېرىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلمىغان، شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم، تۇپراق تىقىلسۇن، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئىشلار شاپائەتكە رەھمەت، مەغپىرەتكە، جەننەتكە يەتكۈزگەچكە كۆڭۈل بۆلۈڭلار!**

(صحيح) رمضان شهر مبارك تفتح فيه أبواب الجنة و تغلق فيه أبواب السعير و تصفد فيه الشياطين و ينادي مناد كل ليلة: يا باغي الخير هلم و يا باغي الشر أقصر (حم هب) عن رجل

**141. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى**





**ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇبارەك ئاي رامىزاندا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوۋزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا كويزا، كىشەن، تاقاق سېلىنىدۇ، ھەر كېچىسى بىر نىدا قىلغۇچى، ئى ياخشىلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، بۇياققا كەل، ئالدىڭنى قىل! ئى يامانلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، بولدى قىل، توختاپ قال دەپ توۋلاپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، شەيتانلارغا تاقاق سېلىنىسىمۇ يەنىلا كىشىلەر كۆنۈپ كەتكەن خۇي ـ پەيلىدىن، ئادىتىدىن نەپسى شەھۋەتلىرىدىن گۇناھنى قىلىۋېرىدۇ.**

(صحيح) سألت الله الشفاعة لأمتي فقال: لك سبعون ألفا يدخلون الجنة بغير حساب و لا عذاب قلت: رب زدني فحثا لي بيديه مرتين و عن يمينه و عن شماله (هناد) عن أبي هريرة

**142. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئاللاھتائالادىن ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشىمنى سورىدىم، ئاللاھ ماڭا سەن ئۈچۈن ئۈممىتىڭدىن 70000 كىشى ئازابسىز، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى دىدى، (يەنى ناھايىتى كۆپ) مەن ئى رەببىم، يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بىرسىلە دېدىم، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى، ئوخشىشى يوق ئىككى قولى بىلەن، ماڭا ئوڭ تەرىپىدىن سول تەرىپىدىن ئىككى چاڭگال ئېلىپ بەردى، يەنى بۇ ئىككى چاڭگال كىشىلەر ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ھەنناد توپلىغان، سەھىھ. (بۇمەنىۋي ئىش بولۇپ كەيپىياتىنى الله ئۆزى بىلىدۇ.)**

سأل موسى ربه فقال: يا رب ما أدنى أهل الجنة منزلة ؟ قال: هو رجل يجيء بعدما يدخل أهل الجنة الجنة فيقال له: ادخل الجنة فيقول: أي رب كيف و قد نزل الناس منازلهم و أخذوا أخذاتهم ؟ فيقال له: أترضى أن يكون لك مثل ملك ملك من ملوك الدنيا ؟ فيقول: رضيت رب فيقول: لك و مثله و مثله و مثله و مثله فقال في الخامسة: رضيت رب فيقول هذا لك و عشرة أمثاله و لك ما اشتهت نفسك و لذت عينك فيقول رضيت رب ! قال: رب فأعلاهم منزلة قال أولئك الذين أردت غرست كرامتهم بيدي و ختمت عليها فلم تر عين و لم تسمع أذن و لم يخطر على قلب بشر (حم م ت) عن المغيرة بن شعبة

**143. مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىدىن مۇنداق دەپ**

سورىدى، ئى رەببىم، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەنزىلىدىكىسى قانداق بولىدۇ؟

ئاللاھ دىدىكى: ئۇ كىشى بولسا، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىنكى كېلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتكە كىرگىن دېيىلىدۇ، ئۇكىشى ئى رەببىم، مەن قانداق كىرىمەن؟ كىشىلەر مەنزىللىرىگە چۈشۈپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولۇپتۇ، ماڭا ئەمدى ھېچنەرسە يوق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: ساڭا دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقى بېرىلسە رازى بولامسەن؟ دېيىلىدۇ، ئۇ، ئى رەببىم، رازى بولىمەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ئۈچۈن شۇ بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئوخشىشى يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشى يەنە ئوخشىشى يەنە ئوخشىشى دەيدۇ، بەندە بەشىنچى قېتىم ئى رەببىم، رازى بولدۇم، رازى بولدۇم دەپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مانا بۇلار سەن ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ، سەن ئۈچۈن نەپسىڭ ئىشتىھا قىلغان كۆڭلۈك تارتقان كۆزۈڭ لەززەتلەنگەن نەرسە بېرىلىدۇ دەيدۇ، بەندە ئى رەببىم، بەك رازى بولدۇم! دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەنزىل مەرتىبىسىدىكىلەر چۇ؟ دېدى، ئاللاھ ئېيتتى، ئەنە شۇلار مەن ئىرادە مەخسەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ كارامەت دەرەخلىرىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تىكىپ قويدۇم، بۇ كارامەتلەرگە شۇنداق پىچەت ئۇردۇمكى، كۆز كۆرۈپ باقمىدى، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىدى، ھېچبىر كىشىنىڭ قەلبىگە خىيال خوتۇر، چۈشۈپ باقمىدى، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا بولىدۇ، (باشقا خاترىدە دائىم رەببىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېيىلگەن) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

سبحان الله ماذا أنزل من التشديد في الدين و الذي نفسي بيده لو أن رجلا قتل في سبيل الله ثم أحيي ثم قتل ثم أحيي ثم قتل و عليه دين ما دخل الجنة حتى يقضى عنه دينه (حم ن ك) عن محمد بن جحش

**144**. مۇھەممەد ئىبنى جەھشى رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۇبھانەللا! قەرز توغرىسىدا نازىل قىلىنغان نەرسە نېمىدىگەن قاتتىق ھە! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىر كىشى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولسا، ئاندىن تىرىلسە، يەنە ئۆلتۈرۈلسە، يەنە تىرىلىپ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرلۈپ، شېھىد بولسىمۇ ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىۋەتمىگىچە ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، (ئەگەر ۋارىسلىرى يېقىن دوست قېرىنداشلىرى ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ،





ساھابىلار شۇنداق قىلغان) ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) سددوا و قاربوا و أبشروا و اعلموا أنه لن يدخل أحدكم الجنة عمله و لا أنا إلا أن يتغمدني الله بمغفرة و رحمة (حم ق) عن عائشة

**145**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىشلىرىڭلاردا نورمال، ئوتتۇرىھال توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەرگىز ئۇنىڭ ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، ئەمەللىرى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، مېنى ئاللاھتائالا مەغپىرەت قىلىشى ۋە رەھمىتى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، (جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزلى بىلەن كىرىدۇ، ئەمەللەر بولسا، يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىدۇر، رەھمەت، رەھمەتكە سەۋەب بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

سيد الاستغفار أن تقول: اللهم أنت ربي لا إله إلا أنت خلقتني و أنا عبدك و أنا على عهدك و وعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت أبوء لك بنعمتك علي و أبوء لك بذنبي فاغفر لي فإنه لا يغفر الذنوب إلا أنت من قالها من النهار موقنا بها فمات من يومه قبل أن يمسي فهو من أهل الجنة و من قالها من الليل و هو موقن بها فمات قبل أن يصبح فهو من أهل الجنة (حم خ ن) عن شداد بن أوس

**146**. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەييىدۇلئىستىغفار يەنى مەغپىرەت سوراشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، كاتتىسى مۇنداق دېيىشىڭدۇر، « **ئاللاھۇممە ئەنتە رەببىي لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئابدۇكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە ۋەۋەئدىكە مەستەتەئتۇ ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ئەبۇئۇلەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەبۇئۇلەكە بىزەمبى فەغفىرلى فەئىننەھۇ لايەغفىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە** » كىم بۇ ئىستىغفارنى كۈندۈزى شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا دەپ شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ، كىم بۇنى شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا كېچىسى ئېيتىپ تاڭ ئېتىشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى: 2612 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئۇنى تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

الشهداء على بارق نهر بباب الجنة في قبة خضراء يخرج عليهم رزقهم من الجنة بكرة و عشيا (حم طب ك) عن ابن عباس

**147.** ئىبنى ئاببـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلار جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا يېشىل گۈمبەزنىڭ ئىچىدە نۇر ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئۇلارغا رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن ــ ئاخشام مىقداردا چىقىپ تۇرىدۇ، (يەنى بۇ ئەھۋال ھاياتى بەرزەختە قىيامەتكىچە شۇنداقتۇر) ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

صغاركم دعاميص الجنة يتلقى أحدهم أباه فيأخذ بثوبه فلا ينتهي حتى يدخله الله و أباه الجنة (حم خد م) عن هريرة

**148.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ كىچىكلىرىڭلار كىچىك ئۆلۈپ كەتكىنىڭلار، جەننـەت ئـەھلىنىڭ كىچىكلىرى بولـۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى ئاتا ــ ئانىسىغا ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ كىيىمىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاكى ئاللاھتائالا ئۇنى ۋە ئاتا ــ ئانىسىنى جەننەتكە كىرگۈزۈگەنگە قەدەر قويۇۋەتمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

صنفان من أهل النار لم أرهما بعد : قوم معهم سياط كأذناب البقر يضربون بها الناس و نساء كاسيات عاريات مميلات مائلات رءوسهن كأسنمة البخت المائلة لا يدخلن الجنة و لا يجدن ريحها و إن ريحها ليوجد من مسيرة كذا و كذا (حم م) عن أبي هريرة

**149.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلىدىن ئىككى سىنىپ كىشىلەر بار بولۇپ، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم، (يەنى بۇندىن كېيىن چىقىدۇ) بىرسى كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان كىشىلەردۇر، (يەنى زالىملار) يەنە بىرسى بولسا، ئەمەلىيەتتە كىيىم كىيگەن، ئەمما ئۆزىنىڭ كىيىمى نېپىز، بەزى جايىدا بولمىغاچقا يالىڭاچ ھېسابلىنىدىغان ياكى زىننەت كىيىمنى كىيگەن تەقۋالىق كىيىمدىن يالىڭاچ ياكى نېئمەت كىيىمنى كىيگەن شۈكرىدىن يالىڭاچ،ياخشى كىيىمنى كىيگەن ياخشىلىقدىن يالىڭاچ، بەزى يېرىگە كىيىم كىيگەن بەزى يېرى يالىڭاچ ئاياللاردۇر، تائەتتىن مايىل، مېڭىشىدا كىبرە قىلىشىدا مايىل، ئەرلەرگە مايىل ھەم ئەرلەرنى مايىل





قىلغۇچى، قەلبىنى پىتنە ــ پاسادقا مايىل قىلغۇچى، بېشى، چېچى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك چېچىنى مۆڭگۈز چىقىرىپ گەدىنىگە تۈگۈپ، باشقىلارغا كۆرسەتكۈچى ئاياللار بولۇپ، بۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇراقلىرى مانداق ــ مانداق، يەنى **500** يىل مۇساپىدىن تېپىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.شەيخ زەندانى بۇھەدىسنى مۆجىزە قاتارىدا تىزغان.

الصيام جنة و هو حصن من حصون المؤمن و كل عمل لصاحبه إلا الصيام يقول الله : الصيام لي و أنا أجزي به (طب) عن أبي أمامة

**150.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا، دوۋزاخ ئوتىدىن ساقلىنىدىغان قالقاندۇر، مۆئمىننىڭ قورغانلىرىدىن بىر قورغاندۇر، ھەرقانداق ئەمەل، ئىگىسى ئۈچۈن بولىدۇ، لېكىن، روزا بولسا، خالىس ھالدا ئاللاھقىلا خاس بولىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، روزا ماڭىلا خاس، ئىبادەت، ئۇنىڭ مۇكاپات، ئەجرىنى مەنلا ئۆزۈم بېرىمەن، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

الصيام و القرآن يشفعان للعبد يوم القيامة يقول الصيام : أي رب إني منعته الطعام و الشهوات بالنهار فشفعني فيه يقول القرآن : رب منعته النوم بالليل فشفعني فيه فيشفعان (حم طب ك هب) عن ابن عمرو

**151.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ، روزا مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭدىن تائاملىرىنى، شارابلىرىنى چەكلەپ، توسۇپ قويدۇم، مېنى بۇ بەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلساڭ، قۇرئان مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، مەن بۇ بەندىدىن كېچىلىرى ئۇيقىسىدىن توسۇپ قويدۇم، يەنى كېچىلىرى مەن بىلەن ناماز ئوقۇپ، قىيامدا تۇردى، مېنى بۇبەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ شاپائەت ھوقۇقىنى بەرسەڭ دەپ بۇ ئىككىسى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئەھمەد، تەبراى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ضحك الله من رجلين قتل أحدهما صاحبه و كلاهما في الجنة (حب) عن أبي هريرة

**152.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرىدۇ، (يەنى بىرى مۇسۇلمان ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولىدۇ، ئاندىن ئۆلتۈرگۈچى قاتىل تۆۋبە قىلىپ، ئىمان ئېيتىپ، بۇمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولىدۇ) ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھادىسىلەر ساھابىلار، تابىئىنلار دەۋرىدە كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن، خۇددى ھەمزە بىلەن ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردەك.

ضحكت من قوم يساقون إلى الجنة مقرنين في السلاسل (حم) عن أبي أمامة

**153**. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەنجىر ـ كىشەنلەرگە باغلانغان ھالدا جەننەتكە ھەيدەلگەن كىشىلەردىن كۈلۈپ كېتىمەن، (يەنى مۇسۇلمانلار ئەسىر ئالغان كىشىلەر كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ضرب الله تعالى مثلا صراطا مستقيما و على جنبتي الصراط سوران فيهما أبواب مفتحة و على الأبواب ستور مرخاة و على باب الصراط داع يقول: يا أيها الناس! ادخلوا الصراط جميعا و لا تتعوجوا و داع يدعو من فوق الصراط فإذا أراد الإنسان أن يفتح شيئا من تلك الأبواب قال: ويحك لا تفتحه فإنك إن تفتحه تلجه فالصراط الإسلام و السوران حدود الله تعالى و الأبواب المفتحة محارم الله تعالى و ذلك الداعي على رأس الصراط كتاب الله و الداعي من فوق واعظ الله في قلب كل مسلم (حم ك) عن النواس

**154**. نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا تۈپتۈز، توغرا يولغا (ئىسلامغا) مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توسما تام باردۇر، بۇ تاملاردا ئوچۇق ئىشىكلەر بار بولۇپ، ئىشىكلەر ئۈستىدە تاشلانغان سۈس، نېپىز پەردىلەر باردۇر، يولنىڭ كىرىش ئېغىزىدا دەئۋەتچى دائىم ئى ئىنسانلار! بۇ يولغا ھەممىڭلار بىراقلا كىرىڭلار، باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار دەپ توۋلاپ تۇرىدۇ، يەنە بىر چاقىرىقچى، يول ئۈستىدە چاقىرىپ تۇرىدۇ، ئىنسان شۇ ئىشىكلەردىن بىرەر ئىشىكنى ئېچىشنى ئىرادە قىلسا، بۇ دەۋەتچى ۋاي ساڭا، ئۇئىشىكنى ئاچما، ھەققەتەن سەن ئېچىپلا قالساڭ، كىرىپ كېتىسەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. يول، ئىسلام دىنىدۇر، ئىككى توسما تام بولسا، ئاللاھنىڭ





بەلگىلىمىلىرى، توختۇتۇپ بەرگەن چەك ـ چېگراسىدۇر. ئوچۇق، ئەمما پەردىلەنگەن ئىشىكلەر بولسا، ئاللاھتائالانىڭ ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر، يول بېشىدىكى دەۋەتچى بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، يول ئۈستىدىكى چاقىرىقچى بولسا، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى ئاللاھنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسىدۇر، يەنى پەرىشتە، نۇردۇر، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

طوبى: شجرة في الجنة مسيرة مائة عام ثياب أهل الجنة تخرج من أكمامها (حم حب) عن أبي سعيد

**155**. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇبا دېگەن: جەننەتتىكى دەرەخ بولۇپ، سايىسى 100 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى ئۇ دەرەخنىڭ چېچەكلىرىدىن چىقىرلىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

عرضت علي الأمم فرأيت النبي و معه الرهط و النبي و معه الرجل و الرجلان و النبي و ليس معه أحد إذ رفع لي سواد عظيم فظننت أنهم أمتي فقيل لي: هذا موسى و قومه و لكن انظر إلى الأفق فإذا سواد عظيم فقيل لي: انظر إلى الأفق الآخر فإذا سواد عظيم فقيل لي: هذه أمتك و معهم سبعون ألفا يدخلون الجنة بغير حساب و لا عذاب هم الذين لا يرقون و لا يسترقون و لا يتطيرون و لا يكتوون و على ربهم يتوكلون (حم ق) عن ابن عباس

**156**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بارلىق ئۈممەتلەر تەڭلەندى، مەن بەزى پەيغەمبەرنى بىر توپ جامائەت بىلەن كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەرنى بولسا، بىر ئىككى كىشى بىلەنلا كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەر بىلەن ھېچكىشى يوق،ئۇنى يالغۇزلا كۆردۈم، (يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن كىشى يوق ئىكەن) تۇيۇقسىز ماڭا ناھايىتى چوڭ جامائەت كۆلەڭگىسى كۆرۈندى، مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىممىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇرسام، ماڭا بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى دېيىلدى، لېكىن، سەن ئاۋۇ ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، مەن قارىسام، ناھايىتى چوڭ جامائەتلەر قارىسى ئىكەن، ماڭا بۇياقدىكى ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، قارىسام ناگاھان بەكمۇ كۆپ جامائەت توپى ئىكەن، ئاندىن ماڭا مانا بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ، ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابسىز كىرىدىغان 70000 كىشى باردۇر، بۇ كىشىلەر ئايىتى شىپا ئوقۇمايدۇ، ھەم ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ،

پال سالدۇرمايدۇ، ئوتتا داغلاپمۇ داۋالاتمايدۇ، ئۇلار پەقەت ھەممە ئىشلىرىدا رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

عشرة في الجنة: النبي في الجنة و أبو بكر في الجنة و عمر في الجنة و عثمان في الجنة و علي في الجنة و طلحة في الجنة و الزبير بن العوام في الجنة و سعد بن مالك في الجنة و عبد الرحمن بن عوف في الجنة و سعيد بن زيد في الجنة (حم د ه الضياء) عن سعيد بن زيد

**157.** سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشى جەننەتتە بولىدۇ، پەيغەمبەر جەننەتتە، ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام جەننەتتە، سەئد ئىبنى مالىك جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، سەئىد ئىبنى زەيد جەننەتتە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، باشقا خاتىرىلەردە ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى جەررەھمۇ باردۇر، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئونىنچىسى دېگەن، سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، ئەنە شۇلار ھايات چاغدىلا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن كىشىلەر ئىدى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن، بۇ نېمىدېگەن چەكسىز بەخت، نېمىدېگەن زور خۇشاللىق ھە! ئاللاھ بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!

عليكم بالجهاد في سبيل الله فإنه باب من أبواب الجنة يذهب الله به الهم و الغم (طس) عن أبي أمامة

**158.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ يولىدىكى جىھاد، ئۇرۇش قىلىش بولسا، جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكتۇر، ئاللاھ، جىھاد سەۋەبىدىن غەم ــ قايغۇ، دەككە ــ دۈككە، خاتىرجەمسىزلىكنى يوقىتىدۇ، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. شېھىد بولسا، غەم يوق، مۇجاھىد بولسا، غەم يوق، غەنىيمەت بولسا، دۇنيادىن غەم يوق، دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولسا، غەم يوق، مۇسۇلمانلار جىھاد قىلمىسا، ئىككى دۇنيادا غەم باسىدۇ.

عليكم بالصدق فإن الصدق يهدي إلى البر و إن البر يهدي إلى الجنة و ما يزال الرجل يصدق و





يتحرى الصدق حتى يكتب عند الله صديقا و إياكم و الكذب فإن الكذب يهدي إلى الفجور و إن الفجور يهدي إلى النار و ما يزال الرجل يكذب و يتحرى الكذب حتى يكتب عند الله كذابا (حم خد م ت) عن ابن مسعود

**159.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەممىي، راست سۆزلەشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن راستچىللىق، ياخشىلىققا ئاپىرىدۇ، ياخشىلىق بولسا، جەننەتكە ئاپىرىدۇ، كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، راستچىللىقنى ئىزدەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزلىدە سىددىق، سەممىي، راستچىل كىشى دەپ يېزىلىدۇ، يالغانچىلىقتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن يالغانچىلىق، گۇناھ، مەئسىيەتكە يېتەكلەيدۇ، گۇناھ، مەئسىيەت بولسا، دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، كىشى يالغاننىلا ئىزدەپ يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزلىدە كاززاپ، يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) حم (العمرة إلى العمرة كفارة لما بينهما من الذنوب و الخطايا و الحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة) عن عامر بن ربيعة

**160.** ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆمرە ھەج يەنە بىر ئۆمرە ھەجگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق گۇناھلارغا، خاتالىقلارغا كاپارەتتۇر، ھەممىنى ئۆچۈرۋېتىدۇ، مەقبۇل بولغان ياخشى ئادا قىلىنغان ھەج ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) في الجنة باب يدعى الريان يدعى له الصائمون فمن كان من الصائمين دخله و من دخله لا يظمأ أبدا (ت ه) عن سهل بن سعد

**161.** سەھلى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە رەييان دەپ چاقىرىلىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، بۇ ئىشىككە مەخسۇس روزا تۇتقۇچىلارلا چاقىرىلىدۇ، كىم روزا تۇتقۇچىلاردىن بولالىسا، بۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ئىشىكتىن كىرگەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن رەييان دۇر) تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) في الجنة خيمة من لؤلؤة مجوفة عرضها ستون ميلا في كل زاوية منها أهل ما يرون الآخرين يطوف عليهم المؤمن (حم م ت) عن أبي موسى

**162. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتتە ئىچى كاۋاك گۆھەر زەبەرجەتتىن بولغان چىدىرلار بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىلىقى 60 مىلدۇر. (بۇنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ بىلىدۇ) بۇ چىدىرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا جەننەت ئەھلى ئۇچۇن ئەھلى جۈپتىلەر بار بولۇپ، بىر تەرەپدىكىلەر يەنە بىر تەرەپدىكىلەرنى كۆرمەيدۇ. مۆئمىن ئۇلارنى تاۋاب، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.**

في الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض و الفردوس أعلاها درجة و منها تفجر أنهار الجنة الأربعة و من فوقها يكون العرش فإذا سألتم الله فسلوه الفردوس (ش حم ت ك) عن عبادة بن الصامت

**163. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق خۇددى ئاسمان ـ زىمىن ئارىسىدەك چوڭدۇر. پىردەۋس دىگەن جەننەت دەرىجە جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئەۋزەلدۇر، جەننەتنىڭ تۆت ئۆستەڭلىرى ئاشۇ پىردەۋسدىن ئېقىپ چىقىدۇ، رەھمانتائالانىڭ ئەرشى شۇ جەننەتنىڭ ئۈستىدۇر. ئاللاھتائالادىن سورىساڭلار، پىردەۋس دىگەن جەننەتنى سوراڭلار. (ئى ئاللاھ، بىزنى فىردەۋس ئەھلىدىن قىلسىلا، ئامىن!) ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.**

في الجنة ما لا عين رأت و لا أذن سمعت و لا خطر على قلب بشر (البزار طس) عن أبي سعيد

**164. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ئىنسان قەلبىگە خوتۇر، خىيال كىلىپ باقمىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نازۇ ـ نىئمەت، راھەت ـ پاراغەت، لەززەتلەر باردۇر. بەزار، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن جەننەتتە خالىغىنى باردۇر، دىگەن ئايەت. ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش، كىشىنىڭ قەلبىنى مەڭگۇ خاتىرجەم قىلىدۇ، ئاللاھ ئۆز پەزلى، رەھمىتى، سېخىيلىقى بىلەن بىزلەرنى ئەپۇ قىلىپ، مەغپىرەت قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن، ئى قېرىنداشلار، بىزمۇ**





**قاتتىق تېرىشايلى!.**

(صحيح) قاضيان في النار و قاض في الجنة قاض عرف الحق فقضى به فهو في الجنة و قاض عرف الحق فجار متعمدا أو قضى بغير علم فهما في النار (ك) عن بريدة

**165. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى خىل قازى دوۋزاختا بولىدۇ، بىر خىل قازى، جەننەتتە، ھەقنى تونۇپ، ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتتە بولىدۇ، ھەقنى تونۇپ تۇرۇپ، قەستەن پۇل ـ مالنى دەپ، يۈز ـ ئابرۇيىنى دەپ زۇلۇم قىلىپ، ناھەق ھۆكۈم قىلغان قازى ياكى ئىلىمسىز جاھالەتلەرچە ھۆكۈم قىلغان قازى، بۇ ئىككىسى يەنى قەستەن زۇلۇم قىلغان قازى بىلەن ئىلىمسىز ھۆكۈم قىلغان قازى دوۋزاخقا كىرىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

قال الله تعالى : إذا ابتليت عبدا من عبادي مؤمنا فحمدني و صبر على ما بليته فإنه يقوم من مضجعه ذلك كيوم ولدته أمه من الخطايا و يقول الرب عز و جل للحفظة : إني أنا قيدت عبدي هذا و ابتليته فأجروا له ما كنتم تجرون له قبل ذلك من الأجر و هو صحيح (حم ع طب حل) عن شداد بن أوس

**166. شەددا ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمدىن بىرەر مۆئمىن بەندىنى كېسەل ۋە باشقا بالالار بىلەن سىنىسام، بەندەم ماڭا ھەمدۇ ئېيتىپ، مېنىڭ سىناقلىرىمغا سەۋرە قىلسا، ھەققەتەن ئۇ كېسەل ئورنىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك خاتالىقلاردىن، گۇناھلىرىدىن پاك ـ پاكىز بولۇپ قوپىدۇ، ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ، ئى كىرامەن كاتىبىنلەر! مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر، ھەققەتەن مەن بۇ بەندەمنى ئۆزۈم كىشەنلەپ، ئەمەللىرىدىن توسۇپ قويغان، مەن ئۇنى سىناپ شۇنداق قىلىپ قويغان، سىلەر ئۇنىڭغا، ئۇ ساق ـ سالامەت ۋاختىدا بېرىدىغان ئەجىر، ساۋابلارنى بېرىۋېتىڭلار، ئۇ ساق چاغدىكى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى يېزىڭلار! ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.**

قال الله تعالى : إذا ابتليت عبدي بحبيبتيه – يريد بعينيه – ثم صبر عوضته منهما الجنة (حم خ) عن أنس

**167. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنى ئۇنىڭ ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، قارىغۇ قىلىپ قويۇش بىلەن سىنىسام، ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.**

قال الله تعالى: الصيام جنة يستجن بها العبد من النار و هو لي و أنا أجزي به (حم هب) عن جابر

**168. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: روزا قالقاندۇر، بەندە روزا تۇتۇش بىلەن دوۋزاخدىن، دوۋزاخ ئوتىدىن قالقانلىنىپ ساقلىنىدۇ، روزا مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا قىلىنغان، رىياسىز ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) قوموا إلى جنة عرضها السموات و الأرض (حم م) عن أنس

**169. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ساھابىلارنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ، مۇنداق بۇيرۇق قىلغان، توغرىلىقى ئاسمان – زېمىنغىچە كېلىدىغان جەننەتكە قوپۇڭلار، يەنى ئۇرۇش قىلىڭلار، ھۇجۇمغا ئاتلىنىڭلار، شېھىد بولساڭلار ئاشۇ جەننەت سىلەرنىڭ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.**

القائم بعدي في الجنة و الذي يقوم بعده في الجنة و الثالث و الرابع في الجنة (ابن عساكر) عن ابن مسعود

**170. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن كېيىنكى خەلىپە، ئىش بىجىرگۈچى جەننەتتە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسمۇ جەننەتتە ئۈچىنچىسى ۋە تۆتىنچىسى جەننەتتە بولىدۇ، يەنى تۆت خەلىپە جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.**

(حسن) القتل في سبيل الله شهادة و الطاعون شهادة و الغرق شهادة و البطن شهادة و الحرق شهادة و السل و النفساء يجرها ولدها بسررها إلى الجنة (حم) عن راشد بن حبيش

**171. راشى ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ**





**ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، شېھىدلىك، ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈش، سۇدا غەرىق بولۇش، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلۈش، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈش، ئۆپكە كېسىلىدە ئۆلۈش شېھىدلىكتۇر، نىپاسدار ئايال، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى بالىسى كىندىك شوينىسى بىلەن جەننەتكە سۆرەيدۇ. يەنى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.**

القتيل في سبيل الله شهيد و المبطون شهيد و المطعون شهيد و الغريق شهيد و النفساء شهيدة (طب) عن عبدالله بن بسر

**172. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن كىشى شېھىد، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلگەن شېھىد، ۋابادا ئۆلگەن، سۇدا غەرىق بولغان، نىپاسدار ھالەتتە، تۇغۇتتا ئۆلگەن ئايالمۇ شېھىد بولىدۇ، (شەرتى مۇسۇلمان بولۇش، بەش ۋاخت نامازنى ئوقۇش، ئاللاھ يولىدا ئۆلۈشتۇر، سىزنىڭچە يۇقىرقى سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن دىنسىز پاسىقلارمۇ شېھىدمۇ؟ بىز بۇنى يۇقىرىدا ئوچۇق دىگەن، باشقا سەھىھ ھەدىستە ئاللاھ يولىدا دىيىلگەن) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) القرآن شافع مشفع و ماحل مصدق من جعله أمامه قاده إلى الجنة و من جعله خلفه ساقه إلى النار (حب هب) عن جابر (طب هب) عن ابن مسعود

**173. جابىر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئان كەرىم، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلگەن شاپائەتچى، سەممىي، راستچىل، تەستىقلانغان داۋاگەر، مۇداپىئەچى، (يەنى، قۇرئان ئۆزىنى ئوقۇپ تۇرغۇچى ئۈچۈن مۇداپىئە قىلىپ، داۋالىشىپ شاپائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىدۇ، داۋاسى تەستىقلىنىدۇ.) كىم قۇرئاننى ئالدىغا قويۇپ، يېتەكچى قىلسا، قۇرئان ئۇ كىشىنى جەننەتكە يۆتىلەيدۇ، جەننەتكە باشلايدۇ، كىم قۇرئاننى ئارقىسىدا قويۇپ، ئۇنتۇپ قالسا، قۇرئان ئۇنى دوۋزاخقا باشلاپ يۆتىلەيدۇ، (قۇرئان يا مەنپەئەتىڭىزگە يا زىنىڭىزغا ھۆججەتتۇر) ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.**

كان رجلان في بني إسرائيل متواخيان و كان أحدهما مذنبا و الآخر مجتهدا في العبادة و كان لا يزال المجتهد يرى الآخر على الذنب فيقول: أقصر فوجده يوما على ذنب فقال له: أقصر فقال: خلني و ربي أبعثت علي رقيبا ؟! فقال: و الله لا يغفر الله لك أو لا يدخلك الله الجنة فقبض

روحهما فاجتمعا عند رب العالمين فقال لهذا المجتهد : أكنت بي عالما أو كنت على ما في يدي قادرا ؟ ! و قال للمذنب : اذهب فادخل الجنة برحمتي و قال للآخر : اذهبوا به إلى النار (حم د) عن أبي هريرة

**174. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە ئىككى كىشى، قېرىنداش ئىدى، بىرسى گۇناھكار بولۇپ گۇناھ قىلىپ تۇراتتى، يەنە بىرى بولسا، ئىبادەتتە قاتتىق تىرىشچان ئىدى، بۇ ئىبادەتكار تەقۋا كىشى يەنە بىرىنى گۇناھ ئۈستىدە كۆرسە، بولدى قىلغىن گۇناھ قىلما دەيتتى، بىر كۈنى ئۇ قېرىندىشىنى يەنە گۇناھ ئۈستىدە تېپىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بولدى قىلغىن، گۇناھ قىلىۋەرمىگىن. ئاندىن گۇناھكار ئۇنىڭغا: مىنى رەببىم بىلەن قويۇۋەتكىن، مېنى رەببىم كەچۈرىدۇ، سەن ماڭا كۈزەتچى قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنمۇ؟ دەپتۇ. ئاندىن تەقۋا كىشى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا سىنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ ياكى سىنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ دەپتۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ جېنى ئېلىنىپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نەزلىدە ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاللاھتائالا بۇ تەقۋادار، ئابىدقا مۇنداق دەپتۇ: سەن ماڭا، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئالىممىدىڭ؟ سەن بىلەمتىڭ ياكى سەن مېنىڭ قول ئىلكىمدىكى نەرسىگە قادىرمىدىڭ؟. ئاندىن گۇناھكارغا (مېنى رەببىم بىلەن قويۇۋەت دېگىنى ئۈچۈن) بارغىن، مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن دېدى، يەنە بىرىگە بولسا، بۇنى دوۋزاخقا ئاپىرىڭلار دېدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ھېچكىم ئاللاھ ئىشى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلالمايدۇ، ھەم قىلمىسۇن.**

كان على الطريق غصن شجرة يؤذي الناس فأماطها رجل فأدخل الجنة (ه) عن أبي هريرة

**175. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يول ئۈستىدە بىر دەرەخنىڭ شېخى كىشىلەرگە ئازار بېرىپ، ئەزىيەت يەتكۈزەتتى، بىر كىشى بۇ ئازارنى يوقاتتى ـ دە، شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلدى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.**

كان في بني إسرائيل رجل قتل تسعة و تسعين إنسانا ثم خرج يسأل فأتى راهبا فسأله فقال له : ألي توبة ؟ قال : لا فقتله فجعل يسأل فقال له رجل : ائت قرية كذا و كذا فأدركه الموت فنأى بصدره نحوها فاختصمت فيه ملائكة الرحمة و ملائكة العذاب فأوحى الله إلى هذه : أن تقربي و





أوحى الله إلى هذه : أن تباعدي و قال : قيسوا ما بينهما فوجداه إلى هذه أقرب بشبر فغفر له (ق) عن أبي سعيد

**176. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە بىر كىشى 99 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇ چىقىپ تۆۋبە توغرىسىدا سوراپ، بىر راھىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، ماڭا تۆۋبە بارمۇ؟ دېدى، ئۇ راھىب ياق دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ئۇ راھىبنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، 100 قىلىۋېتىپ يەنە تۆۋبە بارمۇ؟ دەپ سوراشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا بىر كىشى يەنى ھەققى دانا ئالىم، سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ساڭا شۇ يۇرتتا تۆۋبە بار دېدى، ئۇ شۇ شەھەرگە كېتىۋاتقاندا ئۇنى ئۆلۈم تاپتى، ئۇ كۆكسى بىلەن شۇ تەرەپكە ئۆمىلەپ كىتىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن بۇ كىشى توغرىسىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى داۋالىشىپ قالدى، ئاللاھتائالا تۆۋبە بار زىمىنغان يېقىن كەل! دەپ ۋەھى قىلدى، يەنە بىر زىمىنغا بولسا، يىراقلاشقىن دەپ ۋەھى قىلدى، ئاندىن بىر ھاكىم پەرىشتىنى ئەۋەتىش بىلەن ئىككى شەھەر ئارىسىنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار دېدى، ئاندىن ئۇلار ئۆلچەپ، بۇ بەندىنى تۆۋبە قوبۇل بولىدىغان زىمىنغا بىر غېرىچ يېقىن تاپتى، ئاندىن بۇ تۆۋبىگە ئىنتىلگۈچى قاتىلغا مەغپىرەت قىلىندى، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) كان ملك فيمن كان قبلكم و كان له ساحر فلما كبر قال للملك : إني قد كبرت فابعث إلي غلاما أعلمه السحر فبعث إليه غلاما يعلمه فكان في طريقه إذا سلك راهب فقعد إليه و سمع كلامه فأعجبه ؛ فكان إذا أتى الساحر مر بالراهب و قعد إليه فإذا أتى الساحر ضربه فشكا ذلك إلى الراهب فقال : إذا جئت الساحر فقل : حبسني أهلي و إذا جئت أهلك فقل : حبسني الساحر ؛ فبينما هو كذلك إذ أتى على دابة عظيمة قد حبست الناس فقال : اليوم أعلم الساحر أفضل أم الراهب ؟ فأخذ حجرا فقال : اللهم إن كان أمر الراهب أحب إليك من أمر الساحر فاقتل هذه الدابة حتى يمضي الناس فرماها فقتلها و مضى الناس ؛ فأتى الراهب فأخبره فقال له الراهب : أي بني أنت اليوم أفضل مني قد بلغ من أمرك ما أرى و إنك ستبتلى فلا تدل علي ؛ و كان الغلام يبرئ الأكمه و الأبرص و يداوي الناس من سائر الأدواء فسمع جليس للملك كان قد عمي فأتاه بهدايا كثيرة فقال : ما هاهنا أجمع لك إن أنت شفيتني قال : إني لا أشفي أحد إنما يشفي الله عز و جل فإن

آمنت بالله دعوت الله فشفاك فآمن بالله فشفاه الله ؛ فأتى الملك فجلس إليه كما كان يجلس فقال له الملك : من رد عليك بصرك ؟ قال : ربي قال : و لك رب غيري ؟ قال : ربي و ربك الله فأخذه فلم يزل يعذبه حتى دل على الغلام فجيء بالغلام فقال له الملك : أي بني قد بلغ من سحرك ما يبرئ الأكمه و الأبرص و تفعل و تفعل ! فقال : إني لا أشفي أحدا إنما يشفي الله عز و جل ؛ فأخذه فلم يزل يعذبه حتى دل على الراهب فجيء بالراهب فقيل له : ارجع عن دينك فأبى فدعا بالمنشار فوضع المنشار على مفرق رأسه فشقه به حتى وقع شقاه ثم جيء بجليس الملك فقيل له : ارجع عن دينك فأبى فوضع المنشار في مفرق رأسه فشقه حتى وقع شقاه ثم جيء بالغلام فقيل له : ارجع عن دينك فأبى فدفعه إلى نفر من أصحابه فقال : اذهبوا به إلى جبل كذا و كذا فاصعدوا به الجبل فإذا بلغتم به ذروته فإن رجع عن دينه و إلا فاطرحوه ؛ فذهبوا به فصعدوا به الجبل فقال : اللهم اكفنيهم بما شئت فرجف بهم الجبل فسقطوا و جاء يمشي إلى الملك فقال له الملك : ما فعل أصحابك ؟ فقال : كفانيهم الله فدفعه إلى نفر من أصحابه فقال : اذهبوا به فاحملوه في قرقور فتوسطوا به البحر فإن رجع عن دينه و إلا فاقذفوه فذهبوا به فقال : اللهم اكفنيهم بما شئت فانكفأت بهم السفينة فغرقوا و جاء يمشي إلى الملك فقال له الملك : ما فعل أصحابك ؟ فقال : كفانيهم الله ؛ فقال للملك : إنك لست بقاتلي حتى تفعل ما آمرك به ! قال : و ما هو ؟ قال : تجمع الناس في صعيد واحد و تصلبني على جذع ثم خذ سهما من كنانتي ثم ضع السهم في كبد القوس ثم قل : بسم الله رب الغلام ثم ارم فإنك إذا فعلت ذلك قتلتني ؛ فجمع الناس في صعيد واحد و صلبه على جذع ثم أخذ سهما من كنانته ثم وضع السهم في كبد القوس ثم قال : بسم الله رب الغلام ثم رماه فوقع السهم في صدغه فوضع يده في صدغه موضع السهم فمات فقال الناس : آمنا برب الغلام ؛ آمنا برب الغلام آمنا برب الغلام فأتى الملك فقيل له : أرأيت ما كنت تحذر ؟ قد و الله نزل بك حذرك قد آمن الناس ! فأمر بالأخدود بأفواه السكك فخدت و أضرم النيران و قال : من لم يرجع عن دينه فأقحموه فيها ففعلوا حتى جاءت امرأة و معها صبي لها فتقاعست أن تقع فيها فقال لها الغلام : يا أمه اصبري فإنك على الحق (حم م) عن صهيب

177. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ئىلگىرى بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر





سېھىرگەرى بار ئىدى، ئۇ سېھىرگەر ياشتا چوڭايغاندا، پادىشاھقا: مەن قېرىپ قالدىم، ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتسەم دەپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ بالا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ بالا راھىبنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا بارغىچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن، سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە سېھىرگەر كېچىكىپ قالدىڭ دەپ ئۇرىدىكەن، بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىلىپتۇ، راھىب ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن سېھىرگەردىن قورقساڭ، مېنى ئۆيدىكىلەر تۇتۇپ قالدى دىگىن، ئەگەر ئۆيدىكىلەردىن قورقساڭ، مېنى سېھىرگەر تۇتۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم دىگىن دەپتۇ، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ناھايىتى چوڭ، يوغان بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆتىدىغان يولىنى توسۇۋاپتۇ، ئۇ بالا كۆڭلىدە راھىب ئەۋزەلمۇ؟ ياكى سېھىرگەر ئەۋزەلمۇ؟ بۈنى بۈگۈن بىلىمەن دەپتۇ — دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ئى ئاللاھ، ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن سۆيۈملۈك، ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەر يولغا ماڭسۇن دەپ، تاشنى ئېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ، كىشىلەر يولغا راۋان بولۇپتۇ، ئۇ بۇ ئىشتىن راھىبنى خەۋەرلەندۇرۇپتۇ، راھىب، ئۇ بالىغا: ئەي بالام، سەن بۈگۈن مەندىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىپسەن، مەندىن ئەۋزەل بولۇپسەن، مەن كۆرگەن نەرسىلەر ساڭا يېتىپتۇ، سەن پات يېقىندا قاتتىق سىنىلىسەن، ئەگەر سىنالساڭ، مېنى بىلدۈرمىگىن، مېنى كۆرسىتىپ قويمىغىن دەپتۇ، ئۇ بالا، قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالايدىغان ۋە كىشىلەرنى باشقا كېسەللەردىن داۋالايدىغان بولۇپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان بىر ھەمراھى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ، ئۇ بالىغا: ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ مال — دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن دەپتۇ، ئۇ بالا: ئەمەلىيەتتە مەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ئۆزى ساقايتىدۇ، ئەگەر سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، ئاللاھ سىنى ساقايتىپ قويسۇن دەپتۇ، ھېلىقى كىشى ئاللاھقا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىپتۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىللە ئولتۇرۇپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا: سېنىڭ كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟ دەپتۇ، ئۇ كىشى رەببىم دەپتۇ، پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ تېخى دەپتۇ، ئۇ كىشى: ئۇ ئاللاھ، سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قاتتىق ئازابتا قىيناپ، ئۇ ئاخىرى ھېلىقى بالىنى دەپ قويۇپ، گەپ بالىغا

يېتىپتۇ، ئاندىن بالا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ھەي ئوغلۇم، سېنىڭ سېھرىڭ قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالاشقا يېتىپتۇ ۋە مۇنداق - مۇنداق ئىشلارنى قىپسەن، دەپتۇ. ئۇ بالا: ياق مەن ھېچ كىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت بىر ئاللاھلا ئۆزى ساقايتىدۇ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ بالىنىمۇ ئازابلاۋەرگەچكە، ئاخىرى ئىش ھېلىقى راھىبقا تاقىلىپتۇ. راھىب كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان دېيىلىپتۇ، ئۇنىماپتۇ، دىنىدىن زادى يانماپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بېشىغا بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھەرىنى قويۇپ، راھىبنىڭ بېشىنى ھەرىدەپتۇ. ئۇ راھىبنى تىلىپ ئىككى پارا قىپتۇ. راھىب ئىككى پارچە بولۇپ، يەرگە يىقىلىپتۇ. لېكىن، دىنىدىن يانماپتۇ. ئاندىن ھېلىقى پادىشاھنىڭ ھەمراھى كەلتۈرلۈپ، ئۇنىڭغا دىنىڭدىن يان دېيىلىپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئۇنىڭمۇ بېشىغا ھەرە قويۇلۇپ، تىلىپ ئىككى پارچە قىلىنىپتۇ. بۇمۇ دىنىدىن يانماي، ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى بالىنى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا دىنىڭدىن يانغىن دەپتۇ. بالىمۇ دىنىدىن زادى يانماپتۇ. پادىشاھ بالىنى ئۆز ھەمراھلىرىدىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا يەتكەندە دىنىدىن يانسا مەيلى قويۇۋېتىڭلار، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ، ئىگىز بىر تاغقا چىقىپتۇ، ئۇ بالا ئى ئاللاھ، سەن خالىغان نەرسەڭ بىلەن ماڭا كۇپايە بولغىن دەپ دۇئا قىلىپتۇ، شۇ چاغدا تاغلار تىترەپ، تەۋرەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن دۇملاپ چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلۈپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا ساق - سالامەت مېڭىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇ بالا، ئۇلارغا مەن ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايە قىلدى دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ، كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بالا: ئى ئاللاھ سەن خالىغان نەرسەڭ بىلەن مەن ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى كۇپايە بولغىن، دەپ دۇئا قىلىپتۇ. ئۇنىڭ دۇئايى ئىجابەت بولۇپ. شۇ چاغدا دېڭىزدىكى كېمە دولقۇن سەۋەبىدىن داۋالغۇپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا غەرىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا ساق - سالامەت مېڭىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇ بالىغا: ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ. بالا: ئۇلارغا قارشى مەن ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايە قىلدى دەپتۇ. بالا پادىشاھقا يەنە: سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلمىغىچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن دەپتۇ. پادىشاھ: قېنى دېگىنە ئۇ نېمە ئىش؟ دەپ سوراپتۇ. بالا: سەن كىشىلەرنى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغقىن، ۋە مېنى خورمىنىڭ





شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن مېنىڭ ئوقدانىمنىڭ ئۆزىدىن بىر ئوقيانى ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، بىسمىللاھى دەپ ئاندىن ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن دەپتۇ. پادىشاھ كىشىلەرنى كەڭرى بىر مەيدانغا يىغىپتۇ. بالىنى خورما شېخىغا ئېسىپتۇ. ئاندىن بالىنىڭ ئوق خالتىسىدىن بىر ئوقنى ئېلىپ، ئۇنى ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، بىسمىللاھ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە قەھرىمانلارچە شېھىد بولۇپتۇ. كىشىلەر بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق!!! دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بىرسى، پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: سەن ھەزەرقىلغان نەرسەڭنى كۆردۈڭمۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ھەزەر قىلغان نەرسە يۈز بەردى، كىشىلەر ئىمان ئېيتتى دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا خەندەك، ئازگال كولاپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ، ئوت يالقۇنجاشقا باشلاپتۇ، پادىشاھ: كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار، ئۇلارغا ئوتقا سەكرەڭلار دېيىلسۇن دەپتۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىپتۇ، ھەتتا، كىچىك بالىسى بار بىر ئايال كېلىپ، كەينىگە چېكىنگەن ئىكەن، ئوتقا چۈشۈشتىن كەينىگە داجىغاندا، ئۇنىڭ بالىسى تىلغا كېلىپ، ئى ئانا، سەن ھەقنىڭ ئۈستىدە سەۋرە قىلغىن دەپ زۇۋان سۈرۈپتۇ، ئەھمەد بىلەن مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مۇپەسسىر ئالىملار، بۇ سەھىھ ھەدىسنى سۈرە ئوخدۇدنىڭ تەپسىرى قىلغان، جۈملىدىن ئىبنى كەسىير، سەييىد قۇتۇپلار شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، پەلەستىن قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر قىسىم دوكتۇر، ئالىملار ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئەمەس، مۇداپىئە خاراكتېرلىك جەڭدە ئامال قالمىغاندا ئۆزىنى قوشۇپ پارتىلىتىشقا، دۈشمەننى چېكىندۇرۇشكە دەلىل ئالغان، شۇنداقلا بۇ ھەدىسىدە ئەۋلىيالار كارامىتى ھەق ئىكەن، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۆجىزىسىدۇر، ئۇ راھىب ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزگىرىشتىن بۇرۇنقى توغرا ئىسلام دىنىدا ئىدى، بۇ ھەدىس، يۇقىرقى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشلىرى ھەرىدەلسىمۇ، قوۋۇرغىلىرى تارالسىمۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنى دىنىدىن توسۇپ قالالمىغان دېگەن، سەھىھ ھەدىسكە شەرھى، ئىزاھات بولىدۇ، ئاللاھ بىزنى ھەقىقەتچىلەردىن قىلسۇن، بىزگە ئۆزى ئىگە بولۇپ، ياردەم بەرسۇن، ئامىن!

كل أمتي يدخلون الجنة إلا من أبى من أطاعني دخل الجنة و من عصاني فقد أبى (خ) عن أبي هريرة

178. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، لىكىن، ئۇنىمىغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمىغان بولىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

كل أهل الجنة يرى مقعده من النار فيقول: لولا أن الله هداني فيكون له شكر و كل أهل النار يرى مقعده من الجنة فيقول: لو أن الله هداني فيكون عليه حسرة (حم ك) عن أبي هريرة

179. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ دوۋزاختىكى ئورنىنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەگەر مىنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن بۇ جەننەتكە كىرەلمەيتتىم دەيدۇ ـ دە، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن شۈكرى بولىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ھەممىسى، ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ، ھەي! كاشكى مىنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان بولسا دەپ قالىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ھەسرەت بولىدۇ، (بۇ دۇنيادا ھىدايەتنى قوبۇل قىلماي، كىبىر قىلغان ئىدى). ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

كل بني آدم خطاء و خير الخطائين التوابون (حم ت ه ك) عن أنس

180. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆۋبە قىلغۇچىلاردۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الكوثر نهر في الجنة حافتاه من ذهب و مجراه على الدر و الياقوت تربته أطيب ريحا من المسك و ماؤه أحلى من العسل و أشد بياضا من الثلج (حم ت ه) عن ابن عمر

181. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەۋسەر جەننەتتىكى ئۆستەڭ بولۇپ، ئىككى قىرغىقى ئالتۇندىن، ئېقىش ئورنى ئاستى گۆھەر، ياقۇتتىن، تۇپرىقى مىسكىدىن خۇشپۇراقتۇر، سۈيى بولسا، ھەسەلدىن تاتلىق، قاردىنمۇ سوغۇق ھەم ئاقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.





لغدوة في سبيل الله أو روحة خير من الدنيا و ما فيها و لقاب قوس أحدكم أو موضع قده في الجنة خير من الدنيا و ما فيها و لو اطلعت امرأة من نساء أهل الجنة إلى الأرض لملأت ما بينهما ريحا و لأضاءت ما بينهما و لنصيفها على رأسها خير من الدنيا و ما فيها (حم ق ت ه) عن أنس

182. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە يا كەچتە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، جەڭگە قاتنىشىش، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر، ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ياچاق ئەگمىسچىلىك ئورنى پۈتۈن دۇنيادىن، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىر ئايال زىمىنغا چىقىپ قالسا، ئەلۋەتتە مەشرىق ـ مەغرىپ ئارىلىقىنى خۇشپۇراق مىسكىگە تولدۇرۋىتىدۇ، مەشرىق، مەغرىپ ئارىلىقىنى نۇر بىلەن يورۇتىۋىتىدۇ، جەننەت ئايالىنىڭ بېشىدىكى رومال، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد 11984 ـ ھەدىس، بۇخارى 2583 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3492 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1575 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەنە ئاشۇ پەزىلەتكە، مۇكاپاتقا، مۇجاھىد، شېھىد ئېرىشىدۇ.

(صحيح) لقنوا موتاكم لا إله إلا الله فإنه من كان آخر كلامه لا إله إلا الله عند الموت دخل الجنة يوما من الدهر و إن أصابه قبل ذلك ما أصابه (حب) عن أبي هريرة

183. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جان ئۈزۈۋاتقان ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىلەرگە ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دىگۈزۈڭلار، ئۆگىتىڭلار، ھەققەتەن زامانلاردىن بىر كۈن ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولغان كىشى ئۆلۈش ئالدىدا شۇنداق دىگەن كىشى گەرچە شۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلغان بولسىمۇ دىنسىز ياشىغان بولسىمۇ، شۇ شاھادەت كەلىمىسى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدۇ، (دوۋزاختىن گۇناھىغا كۆيۈپ چىقىپمۇ بولسا جەننەتكە كىرىدۇ). ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لقيام رجل في الصف في سبيل الله عز و جل ساعة أفضل من عبادة ستين سنة (هق خط) عن عمران بن حصين

184. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدا قىلىنىۋاتقان ئۇرۇش سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى، 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. بەيھەقى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لك بها يوم القيامة سبعمائة ناقة كلها مخطومة (حم م ن) عن ابن مسعود

**185**. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تۆگىسىنى ئاللاھ يولىدا جەڭگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن سەدىقە قىلغان كىشىگە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن ئۈچۈن شۇ بىر دانە تۆگەڭنىڭ بارابىرىگە قىيامەت كۈنى **700** دانە تۆگە بېرىلىدۇ، ھەممىسى نوختىلانغان دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

للشهيد عند الله سبع خصال: يغفر له في أول دفعة من دمه و يرى مقعده من الجنة و يحلى حلة الإيمان و يزوج اثنين و سبعين زوجة من الحور العين و يجار من عذاب القبر و يأمن من الفزع الأكبر و يوضع على رأسه تاج الوقار الياقوتة منه خير من الدنيا و ما فيها و يشفع في سبعين إنسانا من أهل بيته (حم ت ه) عن المقدام بن معدي كرب

**186**. مىقدام ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىد ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يەتتە خىسلەت ئىش باردۇر، تۇنجى قېتىم تامغان قېنىنىڭ بارابىرىگىلا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت بولۇپ بولىدۇ، ئۆز ئورنىنى جەننەتتىن كۆرەلەيدۇ، ئىمان تونىدىن تون، زىننەت قاتارلىقلار كىيدۈرۈلۈپ، جەننەتنىڭ ھورۇلئەيىن، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلىرىدىن 72سى خوتۇن قىلىپ بېرىلىدۇ، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، چوڭ قورقۇنچىدىن، چۆچۈشتىن ئەمىن قالىدۇ، خاتىرجەم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق تاجىسى قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىر تال ياقۇتى پۈتۈن دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، ئۆز ئەھلى بەيتلىرىدىن ئائىلىسى، جەمەتىدىن 70 ئىنسانغا شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە ئەكىرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) للصائمين باب في الجنة يقال له: الريان لا يدخل فيه أحد غيرهم فإذا دخل آخرهم أغلق من دخل فيه شرب و من شرب لم يظمأ أبدا (ن) عن سهل بن سعد

**187**. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ





ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقۇچىلار ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنى رەييان دېيىلىدۇ، بۇ ئىشىكتىن روزا تۇتقۇچىلاردىن باشقا ھېچ كىشى كىرەلمەيدۇ، پەقەت شۇلارلا كىرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى كىرىپ بولغاندا، بۇ ئىشىك تاقىلىدۇ. بۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرگەن كىشى شارابىدىن ئىچىدۇ، بىر قېتىم ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، (شۇڭا رەييان دېيىلگەن). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) للمائد أجر شهيد و للغريق أجر شهيدين (طب د) عن أم حرام

**188**. ئۇممە ھەرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چىقىپ، بېشى قېيىپ قۇسۇپ كەتكەن، ھۆ قىلغان كىشى ئۈچۈن بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، دېڭىزدا غەرىق بولغۇچى ئۈچۈن ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، (بىرى ئاللاھ يۇلىدا غەرىق بولدى، ئىككىنچىسى، سۇدا غەرىق بولدى). تەبرانى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت: دېنىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇشتۇر.

لما خلق الله آدم و نفخ فيه الروح عطس فقال: الحمد لله فحمد الله بإذنه فقال له ربه: يرحمك الله يا آدم! اذهب إلى أولئك الملائكة إلى ملأ منهم جلوس فقل: السلام عليكم قالوا: و عليك السلام و رحمة الله ثم رجع إلى ربه فقال: إن هذه تحيتك و تحية بنيك بينهم فقال الله له و يداه مقبوضتان: اختر أيهما شئت قال: اخترت يمين ربي و كلتا يدي ربي يمين مباركة ثم بسطها فإذا فيها آدم و ذريته فقال أي رب! ما هؤلاء؟ قال: هؤلاء ذريتك فإذا كل إنسان مكتوب عمره بين عينيه فإذا فيهم رجل أضوؤهم أو من أضوئهم قال: يا رب من هذا؟ قال: هذا ابنك داود و قد كتبت له عمر أربعين سنة قال يا رب زد في عمره قال: ذاك الذي كتبت له قال: أي رب فإني قد جعلت له من عمري ستين سنة قال: أنت و ذاك ثم أسكن الجنة ما شاء الله ثم أهبط منها فكان آدم يعد لنفسه فأتاه ملك الموت فقال له آدم: قد تعجلت قد كتب لي ألف سنة قال بلى و لكنك جعلت لابنك داود ستين سنة فجحد فجحدت ذريته و نسي فنسيت ذريته فمن يومئذ أمر بالكتاب و الشهود (ت ك) عن أبي هريرة

**189**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئادەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا روھنى پۈۋدىگەندە، ئادەم چۈشكۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ، ئەلھەمدۇلىللاھ دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەببى يەرھەمۇكەاللە، ئى ئادەم دېدى، ۋە سەن ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەر جامائىتىگە بارغىن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېگىن دېدى، ئادەم شۇنداق قىلدى، پەرىشتىلەر، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھ دېدى، ئاندىن ئادەم رەببىگە قايتىپ كەلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەققەتەن بۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى سالامدۇر دەپ ئاندىن ئاللاھتائالا ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئىككى قولىدا ئادەمنىڭ بالىلىرىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، سەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىغىن دېدى، ئادەم، مەن رەببىمنىڭ ئوڭ قولىدىكىنى تاللىدىم، ئەمەلىيەتتە رەببىمنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر، (چۈنكى، ئوخشىشى يوق، خالىق تۇرسا) ھەم مۇبارەكتۇر دېدى، ئاندىن ئاللاھ قولىنى ئېچىپ، كەڭ يايدى، ناگاھان، ئاللاھنىڭ قولىدا ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇلار نېمە دېدى. ئاللاھتائالا ئۇلار سېنىڭ بالىلىرىڭ دېدى، ناگاھان ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈلگەن ئىكەن، يەنى تەقدىر قىلىنىپ بولۇپتۇ، ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرى ئەڭ كۈچلۈك ھەم گۈزەل بىر كىشى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، بۇ كىم؟ دېدى، ئاللاھ: بۇ سېنىڭ بالاڭ داۋۇد دېدى، ئۇنىڭ ئۆمرى 40 يىل پۈتۈلگەن ئىكەن، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساڭ دېدى، ئاللاھ بۇ دېگەن پۈتۈلۈپ بولغان ئىشتۇر دېدى، ئادەم، ئى رەببىم، ھەققەتەن مەن مېنىڭ ئۆمرىمدىن 60 يىلنى بەردىم دېدى، ئاللاھتائالا ئۇنداق بولسا مەيلى، ساڭا شۇنداق بولسۇن دېدى، ئادەم جەننەتتە تۇرغۇزۇلدى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئادەم زېمىنغا چۈشۈرۈلدى، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەپ تەييارلىق قىلاتتى، چۈنكى، جەننەتتىن چۈشۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، جاننى بەر دېسە، ئادەم ھەققەتەن ئالدىراپ قاپسەن، ماڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن دېدى، پەرىشتە، شۇنداق، ساڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن، لېكىن، سەن بالاڭ داۋۇدقا 60 يىلنى بېرىۋەتكەن، ئەمدى ئەجىلىڭ توشتى دېسە، ئادەم تېنىۋالدى، بالىلىرىمۇ تېنىۋالدى، ئادەم ئۇنۇتتى، بالىلىرىمۇ ئۇنۇتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈندىن باشلاپ، يېزىپ قويۇشقا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھتائالا ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى، يەنە كېيىن مۇشۇ تۇپراققا تاشلىدى.

2. روھ دېگەن مەخلۇقنى پۈۋدىدى.

3. چۈشكۈرۈككە ھەمدۇ ئېيتسا، جاۋاب بېرىش.

4. سالام، قەدىمى ئىبادەتتۇر.

5. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلى بار دېدى، بىزمۇ بار دېدۇق، ئوخشىشى يوق، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، سۇئال سوراش بىدئەتتۇر.

6. ئادەم بالىلىرى ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى.

7. ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر.

8. ئۆز ۋاختىدىكى بالىلار روھلاردۇر، ياكى ئالىملار ئۇنى ھۆجەيرىدۇر دېدى.

9. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق قولىدا زەررىگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

10. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئالدىدىن پۈتۈلۈپ بولغان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىمۇ، بۇمۇ پۈتۈلۈپ بولدى. چۈنكى، ھەممىنى ئاللاھتائالا ئالدىدىن بىلىدۇ، قاتىل، بىنا قۇرۇلۇشىنى چۈۋۈيدۇ، ئەمەلىيەتتە جاننى ئاللاھنىڭ پەرىشتىللىرى ئالىدۇ.

11. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى بار.

12. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىپ، پۈتۈپ بولغان ئۆمۈردىن 60 يىلنى، ئادەمدىن داۋۇدقا ئېلىپ بەردى، ئادەمنىڭ جېنىنى شۇ مۇددەت توشقاندا ئالدى، ئۆمرى 940 يىل بولدى.

13. ئادەم جەننەتتە ياشاپ تۇرۇپ باققان.

14. ئاندىن ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن ئايالى ھاۋا بىلەن بىرگە زېمىنغا تاشلانغان، مۇشۇ بىز ياشاۋاتقان يەر شارىغا تاشلىغان.

15. ئاخىرىدا ئەجەل توشۇپ، ئۆز جايىغا كەتتى، لېكىن، تېنىۋېلىش، ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش دېگەن كىشىلىكنى ئىرسىيەت قالدۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭ

ئۈچۈن

(صحيح) لما خلق الله الجنة قال لجبريل: اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال: أي رب! و عزتك لا يسمع بها أحد إلا دخلها ثم حفها بالمكاره ثم قال: يا جبريل! اذهب فانظر إليها فذهب ثم نظر إليها ثم جاء فقال: أي رب! و عزتك لقد خشيت أن لا يدخلها أحد فلما خلق الله النار قال: يا جبريل! اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال: و عزتك لا يسمع بها أحد فيدخلها فحفها بالشهوات ثم قال: يا جبريل اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها فقال: أي رب و عزتك لقد خشيت أن لا يبقى أحد إلا دخلها (حم 3 ك) عن أبي هريرة

**190**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەتنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا سەن بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنى بىرەر كىشى ئاڭلاپلا قالسا، چوقۇم كىرىپ كېتىدۇ دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا جەننەتنى مۇشەققەتلىك سىناقلار بىلەن قورشاپ، ئى جىبرىئىل، ئەمدى بېرىپ قاراپ باققىن! دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتكە بىرەر كىشىنىڭ كىرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېدى، (توغرا، جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرگىلى بولىدۇ، ئەمەلمۇ رەھمەتتۇر)، ئاللاھتائالا دوزاخنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا ئى جىبرىئىل، بېرىپ دوزاخنى كۆرۈپ كەل دېدى، ئۇ بېرىپ، كۆرۈپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوزاخنى بىرەرسى ئاڭلىسا ھەرگىز كىرمىگۈدەك دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا دوزاخنى شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ، پەردىلەپ، ئەمدى بېرىپ كۆرۈپ كەل دېدى، جىبرىئىل بېرىپ قاراپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچ بىر كىشى قالماي دوزاخقا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېگەن. ئەھمەد، ھاكىم، نەسەئى، داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. توغرا **100**دىن **99**ى دوزاخقا كىرىدۇ، كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر. چۈنكى، ئاياللار بەك كۆپتۇر، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرى غۇرۇر، ئالدامچى، لەنەتكە ئۇچرىغان، ئاياللارمۇ شۇ، سەن جەننەتكە كىرەي دېسەڭ، شەيتاننىڭ سەركەردىسى ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلغىن، بۇنى مەن ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن، ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار، پىتنە ئاياللاردا يۈز بەردى دېگەن، دۇنيادىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر قىيامەت يېقىنلاشقانسىرى، ھاكىمىيەتلەر شەيتانلىشىپ،





شەيتانغا يان تاياق بولۇپ، ھەققە، دىنغا قارشى ھەرىكەتلەر يامراپ كەتتى، ئى ئاللاھ! بىزگە ئۆزۈڭ ياردەم بەرگىن، ئامىن!

لو أن ما يقل ظفر مما في الجنة بدا لتزخرفت له ما بين خوافق السموات و الأرض و لو أن رجلا من أهل الجنة اطلع فبدا أساوره لطمس ضوء الشمس كما تطمس الشمس ضوء النجوم (حم ت) عن سعد

**191**. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر جەننەتتىكى زىبۇ ـ زىننەت نەرسىلىرىدىن كىچىككىنە تىرناقچىلىك ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلىنىپ كېتەتتى، ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى چىقىپ، ئۇنىڭ بىر تال بىلەيزۈكى ئاشكارا بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ نۇرى خۇددى قۇياش نۇرى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈپ، يوقاتقاندەك قۇياشنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى. تىرمىزى **2461** ـ ھەدىس، ئەھمەد **1388** ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىر تەرەپتىن قورقۇپ، بىر تەرەپتىن قىزىقتۇرۇش، ئۈمۈدۋار قىلىش.

لو أنكم تكونون على كل حال على الحالة التي أنتم عليها عندي لصافحتكم الملائكة بأكفهم و لزارتكم في بيوتكم و لو لم تذنبوا لجاء الله بقوم يذنبون كي يغفر لهم (حم ت) عن أبي هريرة

**192**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ھەر قانداق ھالەتتە مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ھالەتتىكىدەك بىر خىل ھالەتتە تۇرالىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن پەرىشتىلەر ئالقانلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى، پەرىشتىلەر سىلەرنى ئۆيلىرىڭلاردا زىيارەت قىلغان بولاتتى، ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن گۇناھ قىلىدىغان قەۋملەرنى كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. سىلەر بىر خىل ھالەتتە تۇرالمايسىلەر، گۇناھمۇ قىلىپ قالىسىلەر، بىر سائەت ئۇنداق، بىر سائەت مۇنداق بولۇپ قالىسىلەر، ئاللاھقا تۆۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ بەكمۇ كەچۈرگۈچى زاتتۇر.

(صحيح) لو يعلم المؤمن ما عند الله من العقوبة ما طمع في الجنة أحد و لو يعلم الكافر ما عند

الله من الرحمة ما قنط من الجنة أحد (ت) عن أبي هريرة

**193**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۆئمىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابلارنى بىلسە ئىدى، ھېچ كىشى جەننەتنى تاما قىلمايتتى، (بەلكى ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتتى) ئەگەر كاپىر، دىنسىز، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رەھمەتلىرىنى بىلسە ئىدى، ھېچ كىشى جەننەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ، جەننەتكە ئۈمىدۋار بولاتتى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ليدخلن الجنة بشفاعة رجل من أمتي أكثر من بني تميم (حم ه حب ك) عن عبدالله بن أبي الجدعاء

**194**. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ جەدئا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە جەننەتكە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن سالىھ بىر كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىنمۇ كۆپرەك كىشىلەر كىرەلەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ليدخلن الجنة من أمتي سبعون ألفا أو سبعمائة ألف متماسكون آخذ بعضهم بيد بعض لا يدخل أولهم حتى يدخل آخرهم وجوههم على صورة القمر ليلة البدر (ق) عن سهل بن سعد

**195**. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن **70000** ياكى **700000** كىشى بەزىسى بەزىسىنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا بىر _ بىرىگە ئېسىلىپ بىراقلا جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى جەننەتكە كىرىپ بولمىغىچە ئەۋۋەلمۇ، باشتىكىلەرمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ تۇرىدۇ، يەنى بىراقلا كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، سۈرىتى **15** كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ليصيبن ناسا سفع من النار عقوبة بذنوب عملوها ثم يدخلهم الله الجنة بفضل رحمته فيقال لهم: الجهنميون (حم خ) عن أنس

**196**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم





مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۇلار قىلغان گۇناھلار سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئازابلاپ، گۇناھدىن پاكلاش يۈزىسىدىن دوۋزاخ ئوتى يېتىپ تېرىلىرىنى قارا قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن چىقىرىپ، نەھرۇلھايات بۇلىقىغا سېلىپ، تېرىلىرىنى گۈزەل قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمەت پەزلى بىلەنلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلارنى جەننەمىييۈن دېيىلىدۇ، يەنى دوۋزاختىن كىرىپ _ چىققانلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئەھمەد **11913** _ ھەدىس، بۇخارى **6896** _ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) ما أحد يدخل الجنة يحب أن يرجع إلى الدنيا و أن له ما على الأرض من شيء غير الشهيد فإنه يتمنى أن يرجع فيقتل عشر مرات لما يرى من الكرامة (ق ت) عن أنس

**197**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىددىن باشقا ھېچ كىشى جەننەتكە كىرىپ بولۇپ ئاندىن بۇ دۇنياغا قايتىشنى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەقەت شېھىدلار جەننەتكە كىرىپ بولۇپمۇ، يەنە بىر دۇنياغا قايتىشنى، بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىشنى، شېھىدلىققا بېرىلگەن كارامەتنى كۆرگەنلىكىدىن، بۇ دۇنيادا ئاللاھ يولىدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، پەقەت شېھىدلا بۇ دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، مەخسىدى ئەنە شۇنداق كۆپ قېتىم ئۆلتۈرۈلۈش. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما أخذت الدنيا من الآخرة إلا كما أخذ المخيط غمس في البحر من مائه (طب) عن المستورد

**198**. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن خۇددى بىر تال يىڭنە دېڭىزنىڭ سۈيىگە چىلاپ ئېلىنغانچىلىك ئىشتۇر، يەنى بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئالدىدا يوق نەرسىدۇر، چۈنكى، بۇ دۇنيا ۋاقىتلىق، چەكلىك، ئاخىرەت بولسا، مەڭگۈ چەكسىزدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) ما أهل مهل قط و لا كبر مكبر قط إلا بشر بالجنة (طس) عن أبي هريرة

**199**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېھرام باغلىغۇچى، ئېھرام باغلاپ تەلبىيە ئېيتىپ ماڭسا، ھەج سەپىرىدە تەكبىر ئېيتقۇچىلار، تەكبىر ئېيتىپ ماڭسا، ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش بشارەت بېرىلىپ تۇرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، بۇ

ھەدىسنى قوبۇل بولغان ھەجنىڭ ساۋابى، جەننەتتۇر دىگەن ھەدىس قوللايدۇ.

(صحيح) ما بين بيتي و منبري روضة من رياض الجنة (حم ق ن) عن عبدالله بن زيد المازني (ت) عن علي وأبي هريرة

200. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد، ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مەنىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى، مانا بۇ جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر، ياكى مۇشۇ جاي ئىبادەت، ئىلىم ئارقىلىق شۇ باغقا سەۋەب بولىدۇ ياكى جەننەتكە يۆتكىلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

ما خرج رجل من بيته يطلب علما إلا سهل الله له طريقا إلى الجنة (طس) عن عائشة

201. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئۆيىدىن چىقسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتكە ئاپىرىدىغان يولنى ئاسان قىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. راستىنلا ئاللاھ يولىدا دىينى ئىلىم ئالغانلار ئىشەنچىلىكتۇر.

ما رأيت مثل النار نام هاربها و لا مثل الجنة نام طالبها (ت) عن أبي هريرة (طس) عن أنس

202. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن، دوۋزاخنىڭ ئوخشىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى ۋە جەننەتنىڭ ئوخشىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرمىدىم، (يەنى دوۋزاخنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇچى، جەننەت تەلەپ قىلغۇچى كىشى ھەرگىز ئۇخلىمايتتى، لىكىن، ھازىر كىشىلەر ئۇخلاۋاتىدۇ، چۈنكى، ئىمان، ئېتىقاد يوقتۇر. دوۋزاخدىن قېچىپ، جەننەتنى دەپ ھەتتا ئاللاھنىڭ جامالىنى، مۇھەببىتىنى دەپ ئۇخلىمايدىغانلارمۇ كۆپتۇر). تىرمىزى، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) ما سأل رجل مسلم الله الجنة ثلاثا إلا قالت الجنة: اللهم أدخله الجنة و لا استجار رجل مسلم الله من النار ثلاثا إلا قالت النار: اللهم أجره مني (حم ه حب ك) عن أنس





203. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشى جەننەتنى ئاللاھدىن ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ئى ئاللاھ! ئۇ بەندەڭنى جەننەتكە كىرگۈزگىن دەيدۇ، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا سىغىنىپ، دەۋزەختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دەۋزەخ: ئى ئاللاھ! ئۇ بەندىنى مەندىن ساقلاپ قۇتقۇزغىن دەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما في الجنة شجرة إلا و ساقها من ذهب (ت) عن أبي هريرة

204. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتتە بار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پاچاق غولى، كۆتىكى ئالتۇندۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من الناس من مسلم يتوفى له ثلاثة لم يبلغوا الحنث إلا أدخله الله الجنة بفضل رحمته إياهم (خ ن) عن أنس (خ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

205. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەردىن ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى شۇ بالىلارغا بولغان رەھمەت پەزلىنىڭ سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە بىرسى، ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ جەننەتكە كىرگۈزۈش دىيىلگەن، شەرتى مۇسۇلمان بولۇش.

ما من أمة إلا و بعضها في النار و بعضها في الجنة إلا أمتي فإنها كلها في الجنة (خط) عن ابن عمر

206. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق ئۇممەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىر قىسمى دوۋزاختا، يەنە بىر قىسمى جەننەتتە بولىدۇ، لېكىن، مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى (يەنى مۇسۇلمانلىرى) جەننەتتە بولىدۇ، (ھەقىيقى ئۇممەت بولالىسا). خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من رجل مسلم يموت له ثلاثة من ولده لم يبلغوا الحنث إلا أدخله الله الجنة بفضل رحمته إياهم (حم خ ن) عن أنس

**207.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ بالىلىرىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، يەنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى شۇ بالىلارغا بولغان رەھمەت – پەزلىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. جەننەتتە ھەمدە ئۆي سىلىپ بىرىشمۇ باردۇر.

(ما من رجل يدرك له ابنتان فيحسن إليهما ما صحبتاه أو صحبهما إلا أدخلتاه الجنة) (ه) عن ابن عباس

**208.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى قىزى بولسا، بۇ ئىككى قىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىسىلا، ياكى ئۇ قىزلىرى بىلەن ھەمراھ بولۇپ ياشىسىلا، قىزلىرىغا ياخشىلىق قىلسا، بۇ ئىككى قىز بالا ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، (چۈنكى ئۇ ياخشىلىق قىلىپ، ئىپپەتلىك ياخشى تەربىيلىدى). ھاكىم ۋە ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ **2960** – ھەدىسى، ھەسەن.

(صحيح) ما من شيء لم أكن أريته إلا رأيته في مقامي هذا حتى الجنة و النار و لقد أوحي إلى أنكم تفتنون في قبوركم مثل أو قريبا من فتنة المسيح الدجال يؤتى أحدكم فيقال له: ما علمك بهذا الرجل؟ فأما المؤمن أو الموقن فيقول: هو محمد رسول الله جاءنا بالبينات و الهدى فأجبنا و آمنا و اتبعنا هو محمد ثلاثا فيقال له: نم صالحا قد علمنا إن كنت لموقنا به و أما المنافق أو المرتاب فيقول: لا أدري سمعت الناس يقولون شيئا فقلته (حم ق) عن أسماء بنت أبي بكر

**209.** ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ھەر قانداق نەرسىنى مۇشۇ ئورنۇمدا ھازىر كۆردۈم، ھەتتا جەننەت بىلەن دوۋزاخنىمۇ كۆردۈم، ھەقىقەتەن ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلىندى، سىلەر قەبرەڭلاردا مەسىيھ دەججالنىڭ پىتنىسىدەك ياكى شۇنىڭغا يېقىن سوراق – سۇئال، ئىمتىھان قىلىنىپ سىنىلىسىلەر، پىتنىگە قالىسىلەر، بىرىڭلار كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا ماۋۇ كىشىگە ئىلمىڭ قانداق دىيىلىدۇ؟ ئەمما مۆئمىن شەكسىز ئىشەنگۈچى بولسا، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە روشەن مۆجىزە، ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، ھىدايەت بىلەن كەلدى، بىز ئۇنىڭ چاقىرقىغا





ئاۋاز قوشۇپ، ئىمان كەلتۈردۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ ئۈچ قېتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سالىھ، ياخشى ھالەتتە ئۇخلىغىن، بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دىيىلىدۇ، ئەمما، مۇناپىق ياكى شەكلەنگۈچى بولسا: مەن بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ دەپ قويغان دەيدۇ، (شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق توقماق يەيدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من شيء يصيب المؤمن من نصب و لا حزن و لا وصب حتى الهم يهمه إلا يكفر الله به عنه من سيئاته (ت وغيره) عن أبي سعيد

**210.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر نەرسە مۆئمىنگە يەتسە، ئۇنىڭغا مۇشەققەت، قورقۇنچ، غەم – قايغۇ، كېسەللىك ھەتتا ئۇنى غەم قىلدۇرىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، پىلان غەملىرى يەتسىمۇ ئاللاھتائالا شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. تىرمىزى **889** – ھەدىس، بۇخارى **5210** – ھەدىس، مۇسلىم **4670** – ھەدىس، ئەھمەد **10714** – ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) ما من عبد مسلم توضأ فأسبغ الوضوء ثم صلى لله في كل يوم ثنتي عشرة ركعة تطوعا غير فريضة إلا بنى الله له بيتا في الجنة (م) عن أم حبيبة

**211.** ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندە تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۈچۈن ھەر كۈنى پەرىز نامازدىن باشقا **12** رەكئەت نەپلە، سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى بۇ، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن بولىدۇ). ئىمام مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ **12** رەكئەت سۈننەت بولسا، بامداتنىڭ ئىككى، پېشىنىنىڭ تۆت،كېيىن يانا ئىككى، شامدا ئىككى، خۇپتەننىڭ ئىككى، جەمئى **12** رەكئەت سۈننەتتۇر.

(صحيح) ما من مسلم يتوضأ فيحسن وضوءه ثم يقوم فيصلي ركعتين يقبل عليهما بقلبه و وجهه إلا وجبت له الجنة (م د) عن عقبة بن عامر

**212.** ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەت ئېلىپ، تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ بۇ نامازغا دىلى بىلەن بىلەن يۈزى يەنى رازىلىقى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلسا، بۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من مسلم يعود مسلما غدوة إلا صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن عاده عشية صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح و كان له خريف في الجنة (ت) عن علي

213. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۇسۇلمان كېسەل بولۇپ قالغان مۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا كەچ بولغۇچە رەھمەت يوللايدۇ. ئەگەر كەچ تەرەپتە يوقلىسا، 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقىچە رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر باغ بېرىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من مسلم ينفق من كل مال له زوجين في سبيل الله إلا استقبلته حجبة الجنة كلهم يدعوه إلى ما عنده (حم ن حب ك) عن أبي ذر

214. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر جۈپتىن نەپىقە قىلىپ، سەدىقە قىلسا، يەنى بىر جۈپ ئەر – ئايال قۇلنى ئازاد قىلسا، بىر جۈپ تۆگە، كالا، قوينى سەدىقە قىلسا، ياكى جۈپتىدىن ئايرىلسا ياخشى بولمايدىغان نەرسىنى بىر جۈپ سەدىقە قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ خاس ھاجىپ خادىملىرى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى لەززەتلىك نېئمەتلەرگە چاقىرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ما من مكلوم يكلم في الله إلا جاء يوم القيامة و كلمه يدمى اللون لون الدم و الريح ريح المسك (خ) عن أبي هرير

215. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنگەن ياردار كىشى قىيامەت كۈنى جاراھىتى قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ – دە، رەڭگى قان رەڭگىدۇر، پۇرىقى





بولسا مىسكىنىڭ پۇرىقىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتىدۇر.

(صحيح) ما منكم من أحد إلا له منزلان: منزل في الجنة و منزل في النار فإذا مات فدخل النار ورث أهل الجنة منزله فذلك قوله: (أولئك هم الوارثون) (ه) عن أبي هريرة

216. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىنىڭ ئىككى ئورنى باردۇر، بىر ئورنى جەننەتتە، يەنە بىر مەنزىلى دوۋزاختا بولىدۇ، ئۇ ئۆلۈپ دوۋزاخقا كىرسە، جەننەت ئەھلى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولىدۇ، ئۇ بولسا، ئاللاھنىڭ سۈرە مۇئمىنۇندىكى مۇنۇ سۆزىدۇر، «ئەنە شۇلار ۋارىس بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار فىردەۋسكە ۋارىس بولىدۇ» 10 – ئايىتى، (جەننەت ئەھلىنىڭ ئورۇن مەنزىللىرى بولسا، دوۋزاخ ئەھلىگە قالىدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) مر رجل بغصن شجرة على ظهر طريق فقال: و الله لأنحين هذا عن المسلمين لا يؤذيهم فأدخل الجنة (حم م) عن أبي هريرة

217. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ شېخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ شاخنى مۇسۇلمانلاردىن يىراق قىلىمەن، بۇ شاخ ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمىسۇن دەپ ئۇنى يىراق قىلىپ، كۆزدىن يوقىتىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇ مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) 5910 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 935 صحيح (من ثابر على اثنتي عشرة ركعة من السنة بنى الله له بيتا في الجنة أربع ركعات قبل الظهر و ركعتين بعده و ركعتين بعد المغرب و ركعتين بعد العشاء و ركعتين قبل الفجر) (ت ن ه) عن عائشة

218. بۇ ھەدىسمۇ ساندا تەكرار، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 رەكئەت سۈننەت نامىزىغا چىڭ تۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ دائىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى

**رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، جەمئى 12 رەكئەتتۇر. ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 935 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئىلارمۇ بار، سەھىھ.**

من آمن بالله و رسوله و أقام الصلاة و آتى الزكاة و صام رمضان كان حقا على الله أن يدخله الجنة هاجر في سبيل الله أو جلس في أرضه التي ولد فيها (حم خ) عن أبي هريرة

**219. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرسە، ناماز ئوقۇپ زاكات بەرسە، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئۇ، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى ئۆزى تۇغۇلغان زىمىندا مۇقىم ئولتۇرسۇن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش، ئاللاھنىڭ ئۈستىگە ھەق بولىدۇ، يەنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.**

من أثكل ثلاثة من صلبه في سبيل الله فاحتسبهم على الله وجبت له الجنة (طب) عن عقبة بن عامر

**220. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئۈچ بالىسىنى ئاللاھ يولىدا يوقاتسا، يەنى جەڭگە ئەۋەتسە، ئۇلار ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن ئۇ بالىلىرىغا نىسبەتەن ئاللاھدىن ساۋاب، ئەجىر كۈتسە، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (سەھىھ ھەدىسلەردىن قىياس قىلىنىشىچە، ئىككىنى، ئاللاھ يولىدا ئۆزىدىن بۇرۇن يولغا سالسىمۇ جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ).**

(صحيح) من أثنيتم عليه خيرا وجبت له الجنة و من أثنيتم عليه شرا وجبت له النار أنتم شهداء الله في الأرض (حم ق ن) عن أنس

**221. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بىرەر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ياخشى مەدھىيە، سانالار ئوقۇساڭلار، ياخشى دېسەڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، بىرەر كىشىگە يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسەڭلار، ئۇنىڭغا دوۋزاخ ۋاجىپ بولىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى بولىسىلەر، (بۇ گۇۋاھلىق، ئاسماندىكى گۇۋاھلىق بىلەن ئوخشاش بولسا، شۇنداق بولىدۇ، بولمىسا كاززاپ بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.**





(حسن) من أخرج من طريق المسلمين شيئا يؤذيهم كتب الله له به حسنة و من كتب له عنده حسنة أدخله بها الجنة (طس) عن أبي الدرداء

**222. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلار يولىدىن ئۇلارغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىنى چىقىرىپ تاشلىسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق يازىدۇ. كىمگە، ئاللاھنىڭ نەزلىدە بىر ياخشىلىق يېزىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.**

(صحيح) من أذن ثنتي عشرة سنة وجبت له الجنة و كتب له بتأذينه في كل يوم ستون حسنة و بإقامته ثلاثون حسنة (ه ك) عن ابن عمر

**223. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 يىل ئەزان توۋلىسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. يەنى جەننەتكە كىرىش مۇقىم بولىدۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەزان توۋلىغانلىقىنىڭ بارابىرىگە ھەر كۈنى 60 ياخشىلىق يېزىلىدۇ، تەكبىر ئېيتقىنىغا بولسا ھەر كۈنى 30 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغنا، سەھىھ. جامائەتنىڭ ساۋابىمۇ باردۇر.**

(صحيح) من أريد ماله بغير حق فقاتل فقتل فهو شهيد [3] عن ابن عمرو

**224. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ مال ـ مۈلكى باشقىلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئىرادە قىلىنسا، ئۇ مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) من استسن خيرا فاستن به كان له أجره كاملا و من أجور من استن به و لا ينتقص من أجورهم شيئا و من استن سنة سيئة فاستن به فعليه وزره كاملا و من أوزار الذين استنوا به و لا ينتقص من أوزارهم شيئا (ه) عن أبي هريرة

**225. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشى سۈننەتنى قالدۇرسا، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى سۈننەتنى تېرىلدۈرسە، ئاندىن ئۇ ئىش سۈننەت قىلىنىپ ئەمەل**

قىلىنسا، ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەجرى كامىل بېرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەجرلىرىمۇ تولۇق بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئەجرلىرىدىن ھېچ نەرسە كاملىتىلماي تولۇق بېرىلىدۇ، كىم بىر يامان سۈننەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ قويسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆرۈپ ـ ئادەت بولۇپ ئەمەل قىلىنىپ كەتسە، بۇ كىشىگىمۇ ئۆزىنىڭ گۇناھى تولۇق بېرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىتىلماستىن تولۇق يېزىلىدۇ، (چۈنكى ئۇ ئاساس سالغۇچى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من أعتق رقبة مسلمة أعتق الله له بكل عضو منها عضوا منه من النار حتى فرجه بفرجه (ق ت) عن أبي هرير

226. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا، ئالالاھتائالا ئۇنىڭ ئۇچۈن ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزاسىنى ھەتتا، ئەۋرىتىنى ئەۋرىتىنىڭ بارابىرىگە دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من اغتسل يوم الجمعة ثم أتى الجمعة فصلى ما قدر له ثم أنصت حتى يفرغ الإمام من خطبته ثم يصلي معه غفر له ما بينه و بين الجمعة الأخرى و فضل ثلاثة أيام (م) عن أبي هريرة

227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ئاندىن جۈمئەگە كېلىپ، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام خۇتبىسىدىن پارىغ بولغىچە سۆز قىلماي، جىم تۇرسا، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرگە جۈمئە نامىزى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۇچۈن بۇ جۈمئە بىلەن يەنە بىر جۈمئەنىڭ ئارىلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە يەنە ئۈچ كۈن ئارتۇق يەزىلەتلىك قىلىنىدۇ، (چۈنكى، بىر ياخشىلىققا ئون دېگەن قانۇن بار). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من اقتطع حق امرئ مسلم بيمينه فقد أوجب الله له النار و حرم عليه الجنة و إن كان قضيبا من أراك (حم م ن ه) عن أبي أمامة الحارثي

228. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى





ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم قىلىپ ئېلىۋالسا، ھەققەتەن ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ۋاجىپ قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، گەرچە ئۇ نەرسە ئەراك ياغىچىنىڭ بىر تال تايىقى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، (چۈنكى ھارام دېگەن ھارام). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من أماط أذى عن طريق المسلمين كتب له حسنة و من تقبلت منه حسنة دخل الجنة (خد) عن معقل بن يسا

229. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ھەر قانداق بىر ئەزىيەتنى يوق قىلسا، ئۇ كىشى ئۇچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، كىمدىن بىر ياخشىلىق قوبۇل قىلىنىپ قالسا، ئۇ كىشى شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدۇ. بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) من أنفق زوجين في سبيل الله نودي من أبواب الجنة: يا عبد الله هذا خير فمن كان من أهل الصلاة دعي من باب الصلاة و من كان من أهل الجهاد دعي من باب الجهاد و من كان من أهل الصيام دعي من باب الريان و من كان من أهل الصدقة دعي من باب الصدقة ؛ قال أبو بكر: هل يدعى أحد من تلك الأبواب كلها ؟ قال: نعم و أرجو أن تكون منهم (حم ق ت ن) عن أبي هريرة

230. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر جۈپ نەرسە سەدىقە قىلسا، (يەنى بىر جۈپ كالا ـ قوي ھەدىيە قىلسا) ئۇ كىشى جەننەتنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى!، مانا بۇ ياخشى، بۇ ياخشى دېيىلىدۇ، كىم ناماز ئەھلىدىن بولسا، ناماز ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، جىھاد ئەھلىدىن بولسا، جىھاد ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، روزا ئەھلىدىن بولسا، رەييان دېگەن روزا ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، سەدىقە ئەھلىدىن بولسا، جەننەتنىڭ سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، مانا بۇ ئىشىكىدىن جەننەتكە كىرگىن! دېيىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرلىدىغان كىشىمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە بار، مەن سېنىڭ ئاشۇ ھەممە ئىشىكىدىن تەك چاقىرلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشۇڭنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن

دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من أنفق نفقة في سبيل الله كتبت له سبعمائة ضعف (حم ت ن ك) عن خزيم بن فاتك

**231. خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىرنەرسە نەپىقە قىلسا، (بىرلا نەرسە سەدىقە قىلسا)، ئۇ كىشى ئۇچۇن نىيىتى، ئىخلاسىغا قارىتا 700 ھەسسە ئەجىر يېزىلىدۇ، (يەنى بىرگە 700 ھەسسەئەجىر بېرىلىدۇ.) ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) من بلغ بسهم في سبيل الله فهو له درجة في الجنة (د ن حب ك) عن أبي نجيح

**232. ئەبۇ نەجىيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر ئوقنى جايىغا تەككۈزۈپ ئاتسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن جەننەتتە بىر دەرىجە يۇقىر ئۆرلەش بولىدۇ. (مەن شۇ كۈنى 16 ئوقنى جايىغا تەككۈزگەن ئىدىم)، كىم ئاللاھ يولىدا بىر ئوقنى ئاتسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ بولىدۇ. نەسەئى 3092 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1562 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3452 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) من بنى لله مسجدا بنى الله له بيتا في الجنة (ه) عن علي

**233. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۇچۇنلا مەسجىد سالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدى) ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.**

(صحيح) من تعلم علما مما يبتغى به وجه الله لا يتعلمه إلا ليصيب به عوضا من الدنيا لم يجد عرف الجنة يوم القيامة (حم د ه ك) عن أبي هريرة

**234. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىم ئېلىشتا ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمدىن بىر ئىلىمنى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە يېتىش ئۈچۈنلا ئۆگەنسە، ئۇ قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۇرىقى 500 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**





من توضأ فأحسن الوضوء ثم صلى ركعتين يقبل عليهما بقلبه و وجهه وجبت له الجنة (ن) عن عقبة بن عامر

**235. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، ھەم كامىل ئېلىپ ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ نامىزىغا دىلى بىلەن بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلىپ، نامازغا بېرىلىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. (چۈنكى، مەغپىرەت قىلىنىدۇ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. نامازنى چىن دىلىدىن ئاللاھدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئوقۇشقا تىرىشايلى.**

من توضأ فأحسن الوضوء ثم قال: أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أن محمدا عبده و رسوله اللهم اجعلني من التوابين و اجعلني من المتطهرين فتحت له ثمانية أبواب الجنة يدخل من أيها شاء (ت) عن عمر

**236. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئى ئاللاھ مېنى تۆۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلسىلا، مېنى ھەر جەھەتتىن پاك ـ پاكىز بولغۇچىلاردىن قىلسىلا» دېسە، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتكە خالىغان ئىشىكدىن كىرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.**

من توضأ فقال بعد فراغه من وضوئه: سبحانك اللهم و بحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك كتب في رق ثم جعل في طابع فلم يكسر إلى يوم القيامة (ن ك) عن أبي سعيد

**237. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن تاھارەتتىن پارىغ بولغاندا: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، مەن سىلىگە ھەمدە ئېيتىمەن، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن سىلىگە تۆۋبە قىلدىم، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى سورايمەن، سىلىگە ئىستىغفار ئېيتىمەن»**

دېسە، ئۇنىڭ بۇ شاھادەت كەلىمىسى ۋە ئىستىغفارى بىر سەھىيپىگە يېزىلىپ، ئاندىن ئۇنى مۆھۈر بېسىلغان نەرسە ئىچىگە سېلىنىپ، ئۇ نەرسە قىيامەت كۈنىگىچە سۇندۇرۇلمايدۇ. (ئۇ گۇۋاھچى ئىسپات بولىدۇ). نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من توضأ للصلاة فأسبغ الوضوء ثم مشى إلى الصلاة المكتوبة فصلاها مع الناس غفر الله له ذنوبه (حم م ن) عن عثمان

238. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ناماز ئۈچۈن تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن پەرز نامازغا ماڭسا، ئۇ نامازنى كىشىلەر بىلەن بىرگە ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من جاء يعبد الله لا يشرك به شيئا و يقيم الصلاة و يؤتي الزكاة و يصوم رمضان و يتقي الكبائر فإن له الجنة قالوا : ما الكبائر ؟ قال : الإشراك بالله و قتل النفس المسلمة و فرار يوم الزحف (حم ن حب ك) عن أبي أيوب

239. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ناماز ئوقۇپ زاكات بېرىپ روزا تۇتۇپ گۇناھى كەبىيرلەردىن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىپ كەلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت بېرىلىدۇ. ئۇلار گۇناھى كەبىيرە دىگەن نىمە؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، مۇسۇلمان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلىش، جەڭ كۈنى كاپىر، دىنسىزلاردىن قېچىش.... گۇناھى كەبىيرلەردۇر دېدى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من حافظ على أربع ركعات قبل الظهر و أربع بعدها حرم على النار (4 ك) عن أم حبيبة

240. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم پېشىندىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت نامازنى ۋە پېشىندىن كېيىنكى تۆت رەكئەت نامازنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دائىم ئوقۇپ بەرسە، ئۇ كىشى دوۋزاخقا ھارام قىلىنىدۇ. ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن پېشىندىن كېيىنمۇ تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا ياخشى، ئەۋزەل بولىدۇ.





(صحيح) من حج لله فلم يرفث و لم يفسق رجع كيوم ولدته أمه (حم خ ن ه) عن أبي هرير

241. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەج قىلىش جەريانىدا قەبىھ، پاھىشە سۆز قىلمىسا، پاسىقلىق قىلمىسا، تائەتتىن چىقىپ كېتىپ، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك گۇناھدىن پاك ـ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من ختم له بصيام يوم دخل الجنة (البزار) عن حذيفة

242. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ روزا تۇتۇش بىلەن تامام قىلىنسا، روزا تۇتقان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، (ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابتۇر). بەزار توپلىغان، سەھىھ.

من دخل السوق فقال : لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد يحيي و يميت و هو حي لا يموت بيده الخير و هو على كل شيء قدير كتب الله له ألف ألف حسنة و محا عنه ألف ألف سيئة و رفع له ألف ألف درجة و بنى له بيتا في الجنة (حم ت ه ك) عن ابن عمر

243. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بازارغا كىرىپ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ يۇھيي ۋەيۇمىيتۇ ۋەھۇۋەھەييۇن لايەمۇتۇ بىيەدىھىلخەيرى ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېسە: ئاللاھ ئۇ كىشىدىن بىر مىليون خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ كىشىگە بىر مىليون دەرىجە كۆتۈرەيدۇ، جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان ھەسەن. (بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەۋھىد، بۇ ئىمان، ئەقىيدە، ئېتىقاد مەسلىسىدۇر، بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناجات، مۇناسىۋېتىدۇر.)

(صحيح) من ذكرت عنده فخطئ الصلاة علي خطئ طريق الجنة (طب) عن الحسين

244. ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بىر كىشىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام يەنى مېنىڭ

ئىسمىم تىلغا ئېلىنسا، ئۇ ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاشتا خاتالاشسا، جەننەتنىڭ يولىدىن خاتالاشقان بولىدۇ. (يەنى دۇرۇت، سالام يوللىمىسا، جەننەت يولىدىن ئازىدۇ، ساۋابىدىن، شاپائىتىمدىن، رەھمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ ۋەللاھۇ ئەئلەم). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من ذكرت عنده فليصل علي فإنه من صلى علي مرة صلى الله عليه عشرا (ت) عن أنس

245. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن كىمنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام، ئۇ كىشى ماڭا دۇرۇت، سالام يوللىسۇن، ھەقىقەتەن كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يوللايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من ركع اثنتي عشرة ركعة بني له بيت في الجنة (طس) عن أبي ذر

246. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم 12 رەكئەت سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىلىدۇ، (بۇ جەننەت بىلەن بىشارەتتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من سلك طريقا يطلب فيه علما سلك الله به طريقا من طرق الجنة و إن الملائكة لتضع أجنحتها لطالب العلم رضا بما يصنع و إن العالم ليستغفر له من في السموات و من في الأرض و الحيتان في جوف الماء و إن فضل العالم على العابد كفضل القمر ليلة البدر على سائر الكواكب و إن العلماء ورثة الأنبياء و إن الأنبياء لم يورثوا دينارا و لا درهما إنما ورثوا العلم فمن أخذه أخذ بحظ وافر (حم 4 حب) عن أبي الدرداء

247. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا يول سالسا، يەنى شۇ يولغا ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ يوللىرىدىن بىر يولغا سېلىپ قويىدۇ، ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقوغۇچىغا، ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، قاناتلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، تۆۋەن تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، ھەقىقەتەن ئالىم، مۇئەللىم ئۈچۈن ئاسمانلاردىكى، زىمىندىكى كىشىلەر ۋە سۇ ئىچىدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ، ئالىمنىڭ، ئىبادەت بىلەنلا ئۆتىدىغان





ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى، خۇددى باشقا يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدىكى 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن ئۆلىمالار، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ــ كۈمۈش مىيراس قالدۇرمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار دىننى، ئىلىمنى مىراس قالدۇرىدۇ، كىم ئىلىمنى ئالسا، نىسىۋىسىنى تولۇق، كامىل ئالغان بولىدۇ. (ئالىملارمۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشنى ئەمەس، بەلكى، ئىلىمنى، دىننى مىيراس ئالىدۇ، ھەم مىيراس قالدۇرىدۇ.بۇ جايدىكى ئابىتنىڭ ئىبادىتى نەپلە ئىبادەتتۇر). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە يەنى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى بۇنىڭدىن ئارتۇق بايان قىلىنماس،

پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولۇشدىن ئارتۇق پەزىلەت بولماس،

ئەمما، ئۇنچە ئاسان ئەمەس بۇ مىيراسنى ئالماق،

ئالىمەن دىگەن ئىرادىلىك كىشى ئالالماي قالماس.

(صحيح) من سلك طريقا يلتمس فيه علما سهل الله له طريقا إلى الجنة (ت) عن أبي هرير

248. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەت يولىنى ئاسان قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من شهد أن لا إله إلا الله دخل الجنة (البزار) عن ابن عمر

249. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، (شۇنداق دەپ ئۆلسە)، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

من شهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله حرم الله عليه النار (حم م ت) عن عبادة

250. ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئەلۋەتتە يۇقىرىدا ناماز ئوقۇمىسا، ھاراق ئىچسە ئۆلتۈرۈش، جازانە، ئۆسۈم

قىلسا، ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغاندەك بولۇش، سۈخەنچى جەننەتكە كىرەلمەسلىك قاتارلىق نۇرغۇن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر ئۆتتى، مەخسەت، بۇ دىگەن دىنسىزلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش، بىر دىندىن ئىسلام دىنىغا بىر ئەقىيدىدىن ئىسلام ئەقىيدىسىگە، بىر قانۇندىن ئىسلام قانۇنىغا يۆتكىلىشتۇر، سەيىيد قۇتۇپ، بۇ بىر قۇرۇق سۆز بولماستىن، ئىككى لەۋ دەپ قويىدىغان سۆز بولماستىن، بەلكى، بۇ بىر شۇئار، بۇ بىر بايراق، بۇ بىر مەنهەج، پروگراما، يول ۋە ئەمەلدۇر دىگەن. ھاياتلىق پروگراممىسى يول بەلگىسى، ئىسلام شۇئارى، بايرىقى، بۇ دىگەنلىك شۇ بايراق ئاستىدا ھەقىقى مۆئمىن مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن بولىدۇ. ياكى ئالىملار بۇ ھەدىس، مەككىدىكى چاغدا ھىچ نەرسە پەرىز قىلىنىشدىن بۇرۇن دىيىلگەن دىگەن. ئاندىن كىيىن، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جەڭگە چىققانلاردىن مۇناپىقلار چىقتى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا، دىنسىزلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھەرىكەت قىلىپ، تىلىدا ئىمان ئېيتىپ، دىلىدا ئىنكار قىلىپ، مۇناپىق بولدى، سۈرە تۆۋبە، سۈرە مۇنافىقۇن چۈشتى، دىمەك، بۇ بىر شۇئار، بايراقتۇر. شۇ بايراق ئاستىدا ھەقىقى مۆئمىن بولۇپ ياشاپ ئۆلسە، شۇ ئىماننى ساقلاپ كېتەلىسە، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئۆلەلىسە، مانا مۇشۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ شاھادەت كەلىمىسى ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى، جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر، ئاللاھ ئالىم.

(صحيح) من شهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أن محمدا عبده و رسوله و أن عيسى عبده و رسوله و ابن أمته و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و أن الجنة حق و أن النار حق و أن البعث حق أدخله الله الجنة على ما كان من عمل من أي أبواب الجنة الثمانية شاء (حم ق) عن عبادة بن الصامت

**251.** ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە: «ھەقىقەتەن يەككە – يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئەيسامۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھ مەريەمگە تاشلىغان ئاللاھنىڭ كەلىمىسى، ئاللاھ تەرەپتىن يارىتىلغان روھدۇر، ھەقىقەتەن جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش





ھەق» دىسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكىنىڭ قايسىدىن خالىسا، قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا، ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. (يەنى، جەننەتتىكى دەرىجىسى، ئەمەللىرى بىلەن بولىدى). ئەھمەد، بەيهەقى توپلىغان، سەھىھ.

من صام يوما في سبيل الله بعد الله وجهه عن النار سبعين خريفا (حم ق ت ن) عن أبي سعيد

**252.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن 70 يىل يىراق قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيهەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من صرع عن دابته فهو شهيد (طب) عن عقبة بن عامر

**253.** ئۇمبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كم ئۇلىغىدىن (يەنى جەڭ ئېتىدىن ياكى ئاللاھ يولدا كېتىۋاتقان ئۇلىغىدىن) يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلسە، ئۇ شېهىد بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من صلى البردين دخل الجنة (م) عن أبي موسى

**254.** ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىككى سوغۇق نامازنى يەنى بامدات بىلەن خۇپتەن نامىزىنى (جامائەت بىلەن) ئوقۇسا، جەننەتكە كىرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من صلى الضحى أربعا و قبل الأولى أربعا بني له بيت في الجنة (طس) عن أبي موسى

**255.** ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم چاشكا ۋاختىدا تۆت رەكئەت ناماز ۋە تۇنجى نامازدىن يەنى پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىپ بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من صلى العشاء في جماعة كان كقيام نصف ليلة و من صلى العشاء و الفجر في جماعة كان كقيام ليلة (د ت) عن عثمان

256. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خۇپتەننى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ يېرىم كېچىگىچە قىيامدا تۇرغاندەك بولىدۇ، كىم خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ناماز بىلەن تۈنىگەندەك بولىدۇ. (مانا بۇ كېچىسىمۇ ئىبادەت قىلىپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئاسان چارىسىدۇر). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من صلى على جنازة فله قيراط فإن شهد دفنها فله قيراطان القيراط مثل أحد (م ه) عن ثوبان

257. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا ناماز چۈشۈرسە، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم ناماز چۈشۈرۈپ بولۇپ، مېيىتنىڭ دەپنىسىگىمۇ ھازىر بولسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك ئەجىر بولىدۇ، بىر قىيرات ئوھۇد تېغىدەك كېلىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من صلى على حين يصبح عشرا و حين يمسي عشرا أدركته شفاعتي يوم القيامة (طب) عن أبي الدرداء

258. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئەتىگەندە ئون، كەچ تەرەپتە ئون قېتىم دۇرۇت، سالام يوللاپ تۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى مېنىڭ شاپائىتىم تاپىدۇ، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من صلى علي واحدة صلى الله عليه بها عشرا (حم م 3) عن أبي هريرة

259. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام، رەھمەت يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يوللايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من صلى علي واحدة صلى الله عليه عشر صلوات و حط عنه عشر خطيئات و رفع له عشر درجات (حم خد ن ك) عن أنس

260. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە





ئون رەھمەت يوللاپ، ئۇنىڭدىن ئون خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ، ئۇ كىشىگە ئون دەرىجە كۆتۈرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

من صلى في اليوم و الليلة اثنتي عشرة ركعة تطوعا بنى الله له بيتا في الجنة (حم م د ن ه) عن أم حبيبة

261. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 12 رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ، (بۇ جەننەت بىلەن بىشارەت). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) من صلى لله أربعين يوما في جماعة يدرك التكبيرة الأولى كتب له براءتان : براءة من النار و براءة من النفاق (ت) عن أنس

262. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا، 40 كۈن نامازنى جامائەت ئىچىدە، تەكبىرۇلئۇۋلانى تېپىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قۇتۇلۇش بىرازلىق يېزىلىدۇ، بىرى دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش، يەنە بىرى بولسا، مۇناپىقلىقتىن قۇتۇلۇش يېزىلىدۇ. (سۈرە فاتىھە تۈگەشتىن بۇرۇن ئىمامغا ئىقتىدا قىلالىسا، تەكبىرۇلئۇۋلانى يەنى تۇنجى تەكبىرنى تاپقان بولىدۇ) تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئەلۋەتتە جامائەت بىلەن بەش نامازنى ئوقۇسا، دوۋزاخدىن قۇتۇلىدۇ، مۇناپىق ھېسابلانمايدۇ، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس بولغاچقا، بۇ زەئىپ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

(حسن) من عاد مريضا أو زار أخا له في الله ناداه مناد : أن طبت و طاب ممشاك و تبوأت من الجنة منزلا (ت ه) عن أبي هريرة

263. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كېسەلنى يوقلىسا، ياكى قېرىندىشىنى ئاللاھ يولىدا زىيارەت قىلسا، بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ: گۇناھدىن پاك ـ پاكىز بولدۇڭ، ماڭغان قەدەملىرىڭ پاك بولدى، سەن جەننەتتىن ئورۇن ئالدىڭ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) من عاد مريضا لم يزل في خرفة الجنة حتى يرجع (م) عن ثوبان

**264**. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېسەل يوقلىسا، ئۇيگە قايتىپ كەلگىچە جەننەتنىڭ باغلىرى ئىچىدە تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى ياخشىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ ـ دە!

(صحيح) من عال جاريتين حتى يدركا دخلت أنا و هو الجنة كهاتين (م ت) عن أنس

**265**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىككى قىز بالىغا ئۇلار بالىغ بولغىچە ئىگە بولۇپ، ياخشى قارىسا، ئۇ مەن بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن كىرىدۇ. (ئىككى بارمىقنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتتى). مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من فارق الروح جسده و هو بريء من ثلاث دخل الجنة: الكبر والدين و الغلول (حم ت ن ه حب ك) عن ثوبان

**266**. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ نەرسىدىن پاك ـ پاكىز قۇتۇلغان ھالەتتە روھى، جىنى جەسەدىدىن ئايرىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇ بولسا، كىبىر، قەرز، خىيانەت. (كىم مۇشۇ ئۈچ نەرسىدىن خالىي ھالدا ئۆلسە، تەكەببۇر بولمىسا، خىيانەت قىلمىغان بولسا، قەرزى بولمىسا جەننەتكە كىرىدۇ، شەرتى مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇشتۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) من فصل في سبيل الله فمات أو قتل أو وقصته فرسه أو بعيره أو لدغته هامة أو مات على فراشه بأي حتف شاء الله فإنه شهيد و إن له الجنة (د ك) عن أبي مالك الأشعري

**267**. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا ئەھلىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۆلۈپ كەتسە، ياكى ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئېتى ياكى تۆگىسى دەسسەپ يىقىتىپ ئۆلتۈرسە، ياكى زەھەرلىك ھايۋان چېقىۋېلىپ ئۆلسە ياكى ئاللاھ خالىغان بىرەر ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ ھەقىقەتەن ئۇ شېھىددۇر، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان،





ھەسەن.

(صحيح) من قاتل في سبيل الله فواق ناقة فقد وجبت له الجنة و من سأل الله القتل في سبيل الله من نفسه صادقا ثم مات أو قتل فإنه له أجر شهيد و من جرح جرحا في سبيل الله أو نكب نكبة فإنها تجيء يوم القيامة كأغزر ما كانت لونها لون الزعفران و ريحها ريح المسك و من خرج به خراج في سبيل الله كان عليه طابع الشهداء (حم 3 حب) عن معاذ

**268**. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا تۆگىنى سېغىش جەريانىدا بوتىلىقنى ئەمىتىپ، ئايرىۋېتەلىگۈدەك مىقداردا جەڭ قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، كىم چىن دىلىدىن سەممىي سادىقلىق بىلەن ئاللاھدىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى سورىسا، ئاندىن ئۇ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى قول بارماقلىرىدا جاراھەتلەنسە، ھەقىقەتەن ئۇ جاراھەت قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىن قاتتىق، ئېغىرراق قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ، رەڭگى زەئپىراننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى مىسكە ـ ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ، كىمگە ئاللاھ يولىدىكى سەپەردە بىرەر جاراھەت ياكى بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە شېھىدلەرنىڭ سىماسى، ھەيئىتى، تامغىسى بولىدۇ. ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد 2179 ـ ھەدىس، نەسەئى 3090 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1581 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) من قال إذا أصبح: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير كان له عدل رقبة من ولد إسماعيل و كتبت له بها عشر حسنات و حط عنه بها عشر سيئات و رفع له بها عشر درجات و كان في حرز من الشيطان حتى يمسي و إذا قالها إذا أمسى كان له مثل ذلك حتى يصبح (حم د ه) عن أبي عياش الزرقي

**269**. ئەبۇ ئەياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاڭ ئاتقۇزغاندا: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىنقەدىير» دېسە، ئۇ كىشى ئۇچۇن ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن يەنى ئەرەبلەردىن بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە ئون ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇ كىشىدىن ئون گۇناھ، خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشىگە ئون دەرىجە يۇقىر كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشى كەچ كىرگىچە شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىنىش ئىچىدە ساقلىنىپ قالىدۇ،

كىم بۇ سۆزنى كەچ تەرەپتە دېسە، ئۇ كىشىگە تاڭ ئاتقىچە شۇنداق بولىدۇ، يەنى يۇقىرقى ئەجىر ــ ساۋابلار، دەرىجىلەر بولۇپ، تاڭ ئاتقىچە شەيتاندىن ساقلىنىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من قال حين يسمع النداء : اللهم رب هذه الدعوة التامة و الصلاة القائمة آت محمدا الوسيلة و الفضيلة و ابعثه مقاما محمودا الذي وعدته حلت له شفاعتي يوم القيامة (حم خ 4) عن جابر

**270.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەزاننى ئاڭلىغان چاغدا: «ئاللاھۇممە رەببى ھازىھىددەئۋەتىتتاممەتى ۋەسسالاتىلقائىمەتى ئاتى مۇھەممەدەنىلۋەسىيلەتە ۋەلفەزىيلەتە ۋەبئەسھۇ مەقامەممەھمۇدە نىللەزى ۋەئەتتەھۇ» تەرجىمىسى: ئى رەببىم ئاللاھ! مانا بۇ مۇئەككەل كامىل دەئۋەت چاقىرىقتۇر، بەرپا بولىدىغان نامازدۇر، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆز دەرگاھىڭلاردىن يېقىنلىق، پەزىيلەت ئاتا قىلسىلا، شاپائەت قىلىش مەرتىبىسىنى بەرسىلە، سىلى ئۇنى ئۆزلىرى ۋەدە قىلغان ماختاپ مەدھىيلىنىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئەۋەتسىلە، يەنى شاپائەت قىلىدىغان مەقاممەھمۇدقا يۇقىرى ئۇنۋانلىق مەرتىبىگە چىقارسىلا» دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ، نەدە بولسا تاپىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من قال رضيت بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد نبيا وجبت له الجنة (د حب ك) عن أبي سعيد

**271.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن ئاللاھقا رەب جەھەتتىن (يەنى ھەقىقى ياراتقۇچى ئىگە بولغۇچى پادىشاھ ھەق ئىلاھ دەپ) رازى بولدۇم دېسە، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇم دېسە، شۇنداق ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ، ھەق بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من قال : سبحان الله العظيم و بحمده غرست له بها نخلة في الجنة (ت حب ك) عن جابر

**272.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم «سۇبھانەللاھىلئەزىيم ۋەبىھەمدىھى» دېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ خورما تىكىلىدۇ. (كۆپ دېسە كۆپ تىكىلىدۇ).





تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من قال : سبحان الله و بحمده في يوم مائة مرة حطت خطاياه و إن كانت مثل زبد البحر (حم ق ت ه) عن أبي هرير

**273.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەر كۈنى «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى» نى **100** قېتىم دېسە، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من قام بعشر آيات لم يكتب من الغافلين و من قام بمائة آية كتب من القانتين و من قام بألف آية كتب من المقنطرين (د حب) عن ابن عمرو

**274.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئون ئايەت بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى غاپىللار قاتارىدىن يېزىلمايدۇ، كىم **100** ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى قانىتىنلەر يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ. كىم **1000** ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى ئەجرى، ساۋابى ئىنتايىن كۆپ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن يېزىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من قام ليلة القدر إيمانا و احتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه (خ 3) عن أبي هريرة

**275.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئەجرگە ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈپ قەدىر كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشىگە بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. بۇخارى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من قتل دون ماله فهو شهيد و من قتل دون دمه فهو شهيد و من قتل دون دينه فهو شهيد و من قتل دون أهله فهو شهيد (حم 3 حب) عن سعيد بن زيد

**276.** سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم قېنىنى، جېنىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم دىنىنى، ئىمانىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىد، كىم ئەھلىنى، بالىلىرىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ

ئۆلتۈرۈلسە ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ آية الكرسي دبر كل صلاة مكتوبة لم يمنعه من دخول الجنة إلا أن يموت (ن حب) عن أبي أمامة

277. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەربىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا ئايەتۇلكۇرسى يەنى كۇرسى سۆزلىنىدىغان سۈرە بەقەرنىڭ 255 – ئايىتىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ تۇرىدۇ، ئۆلسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتكە كىرىشكە پەقەت ئۆلىشىلا قالغان بولىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ (قل هو الله أحد عشر مرات بنى الله له بيتا في الجنة) (حم) عن معاذ بن أنس

278. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى يەنى سۈرە ئىخلاسنى ئون قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. (كۆپ ئوقۇسا، كۆپ ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. بۇ جەننەت بىلەن بىشارەتتۇر). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من كان آخر كلامه لا إله إلا الله دخل الجنة (حم د ك) عن معاذ

279. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بىز، بۇ ھەدىس بىلەن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىسنى شەرھىيلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ.

1. ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، ئۆلۈش ئالدىدىكى شاھادەت كەلىمىسى بولۇپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

2. بۇ ھەدىس ھېچبىر پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن مەككىدىكى چاغدا دېيىلگەن.

3. بۇ بىر دىندىن دىنغا، ئەقىدىدىن ئەقىدىگە، قانۇن – تۈزۈم،





پىرىنسىپىدىن يەنە بىر قانۇنغا چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

4. بۇ شاھادەت كەلىمىسى، سەييىد قۇتۇپ دېگەندەك ئىككى لەۋ بىلەن سۈرۈپ قوييدىغان قۇرۇق سۆزلا ئەمەس، بەلكى، بۇ بىر شۇئار، بۇ بىر بايراق، ھاياتلىق يول بەلگىسى، ھاياتلىق پروگراممىسى، بۇ بىر ئەمەلدۇر.

5. بۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمىدۇر، شۇنداق دېمەي ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بولمايدۇ، ھەم جەننەتكىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ.

6. شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئەمەل قىلغىچە ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ خىل ھادىسە كۆپ يۈز بەرگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

(حسن) من كتم غيظا و هو قادر على أن ينفذه دعاه الله على رءوس الخلائق حتى يخيره من الحور العين يزوجه منها ما شاء (4) عن معاذ بن أنس

280. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئەپۇ قىلىپ، ئاچچىقىنى يەڭسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنى بارلىق خالايىقلار ئالدىدا چاقىرىپ، ھورۇلئەيىن بولغان شەھلا كۆزلۈك جەننەت ئاياللىرىدىن قايسىنى خالىسا، شۇنىڭ بىلەن جۈپلەپ تويىنى قىلىپ قوييۇشقا ئىختىيارلىق بېرىدۇ، ئۇ خالىغىنىنى تاللايدۇ. تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) من لقي الله لا يشرك به شيئا دخل الجنة (حم خ) عن أنس

281. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى ئۇ مۆئمىن). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من مات و هو يعلم أن لا إله إلا الله دخل الجنة (حم م) عن عثمان

282. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من نفس عن مؤمن كربة من كرب الدنيا نفس الله عنه كربة من كرب يوم

القيامة و من يسر على معسر يسر الله عليه في الدنيا و الآخرة و من ستر مسلما ستره الله في الدنيا و الآخرة و الله في عون العبد ما كان العبد في عون أخيه و من سلك طريقا يلتمس فيه علما سهل الله له طريقا إلى الجنة و ما اجتمع قوم في بيت من بيوت الله يتلون كتاب الله و يتدارسونه بينهم إلا نزلت عليهم السكينة و غشيتهم الرحمة و حفتهم الملائكة و ذكرهم الله فيمن عنده و من أبطأ به عمله لم يسرع به نسبه (حم م د ت ه) عن أبي هريرة

**283**. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر مۆئمىندىن مۇشۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن بىرەر مۇشەققەت، قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر مۇشەققەتنى ئاسان قىلىدۇ. كىم نامىرات، پېقىرلارغا ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ، كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، گۇناھلىرىنى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ، بىرەر قەۋىم، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر مەسجىدگە توپلىشىپ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆزئارا دەرىس ئوقۇشسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تېنىچلىق چۈشىدۇ. ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشاپ، ئەتراپىدىن ئورىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى كىشىلەرنىڭ يەنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ماختايدۇ.كىمنىڭ ئەملى كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭغا نىسىۋىسى ئىلگىرلەپ تېز يېتىپ بارمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، نەسەپ، ھەسەبلىرى پايدا ـ مەنپەئەت قىلمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من وقاه الله شر ما بين لحييه و شر ما بين رجليه دخل الجنة (ت حب ك) عن أبي

هرير

**284**. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئىككى ئېڭىكى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسا، (يەنى سۆز قىلىدىغان ئېغىزى بىلەن ئەۋرەت ئېغىزىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ





قالسا)، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من لا يرحم لا يرحم و من لا يغفر لا يغفر له و من لا يتب لا يتب عليه (طب) عن جرير

**285**. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەھىيم ـ شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە رەھىيم قىلىنمايدۇ، كەچۈرمىگەن كىشىگە مەغپىرەت قىلىنمايدۇ، تۆۋبە قىلمىغان كىشىگە تۆۋبە قوبۇل قىلىنىپ قالمايدۇ، ئەپۇ قىلمىسا، ئەپۇ قىلىنمايدۇ، (كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ياخشىلىقىا ياخشىلىقتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من يتقبل لي بواحدة أتقبل له بالجنة لا يسأل الناس شيئا (حم ن ه) عن ثوبان

**286**. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ماڭا بىر ئىشنى قوبۇل قىلىپ كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىقتۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من يتكفل لي أن لا يسأل الناس شيئا أتكفل له بالجنة (د ك) عن ثوبان

**287**. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ماڭا كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىقىا يەنى سائىللىق قىلماسلىقىا كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من يتوكل لي ما بين لحييه و ما بين رجليه أتوكل له بالجنة (حم ت حب ك) عن سهل بن سعد

**288**. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ماڭا ئىككى زاڭقى بىلەن ئىككى پۇتى ئارىسىدىكى نەرسىگە يەنى ئاغزى بىلەن ئەۋرىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزغا كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەتكە كىرىشى بىلەن كېپىل بولىمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من يحرم الرفق يحرم الخير كله (حم م د ه) عن جرير

**289**. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېھرىبانلىقتىن، مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قالسا، بارلىق

ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من يدخل الجنة ينعم فيها لا ييأس لا تبلى ثيابه و لا يفنى شبابه (م) عن أبي هرير

290. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرگەن كىشى ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ، ھەرگىز كېسەل بولمايدۇ، غەم ـ قايغۇ قىلمايدۇ، ئازابلانمايدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرى كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، ياشلىقى تۈگىمەيدۇ، ئۇلار مەڭگۇ ياپ ـ ياش تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) المؤمن إذا اشتهى الولد في الجنة كان حمله و وضعه و سنه في ساعة واحدة كما يشتهي (حم ت ه حب) عن أبي سعيد

291. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن جەننەتتە بالىنى ئىشتىھا، ئارزۇ قىلىپ قالسا، ئۇ بالىنىڭ ھامىلدارلىق ۋاختى، تۇغۇلۇشى، ياشقا توشۇشى، ئۇ ئارزۇ قىلغاندىكىدەكلا بىر سائەت ئىچىدىلا بولىدۇ. (خالىغىنى بار). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) نضر الله عبدا سمع مقالتي فوعاها و حفظها ثم أداها إلى من لم يسمعها فرب حامل فقه غير فقيه و رب حامل فقه إلى من هو أفقه منه ثلاث لا يغل عليهن قلب امرئ مسلم: إخلاص العمل لله و النصح لأئمة المسلمين و لزوم جماعتهم فإن دعوتهم تحوط من وراءهم (حم ه ك) عن جبير بن مطعم (د ه) عن زيد بن ثابت (ت ه) عن ابن مسعود

292. جۇبەيىر، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەلبىدە يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ ئاندىن ئۇنى ئاڭلىمىغان كىشىگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھتائالا مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، نېئمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر، ئۆزى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزدىن ئالىمراق كىشىلەرگە ئاڭلاپ يەتكۈزىدۇ. ئۈچ نەرسىگە مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ، ھەقدە ـ ھەسەد قىلمايدۇ، بىرى، ئەمەلنى ئاللاھقىلا





ئىخلاس قىلىشتۇر، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىشتۇر. ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشتۇر، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەئۋىتى، چاقىرىقى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداپ، قورشاپ تۇرىدۇ، (ئېزىشىدىن، ئايرىلىپ كېتىشىدىن، توپىدىن ئايرىلىپ شەيتاندەك بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ). تىرمىزى 2582 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 226 ھەدىس، ئەھمەد 12871 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزۈمنى، ھەدىسنى فىقھىنى دېگەن سۆزلىرىدىن، «ھەدىس»، «فىقھى»، «مۇھەددىس»، «فىقھشۇناس ئالىم» دېگەن ئاتالغۇلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ شارائىتمۇ ھەدىسنىڭ سەھىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(حسن) نزع رجل لم يعمل خيرا قط غصن شوك عن الطريق إما كان في شجرة مقطعة فألقاه و إما كان موضوعا فأماطه فشكر الله له بها فأدخله الجنة (د حب) عن أبي هريرة

293. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان بىر كىشى يولدىن شوخۇلۇق، تىكەنلىك بىر شاخنى تارتىپ ئېلىۋەتتى، ياكى ئۇ سۇنۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىنىڭ پارچىسى ئىدى، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ۋە ياكى ئۇ ياغاچ يولغا قويۇقلۇق ئىدى ئۇنى يولدىن يىراققا تارتىپ ئىتتىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىگە رازى بولۇپ، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزدى. (چۈنكى، خالىس بىر ياخشىلىق قوبۇل بولۇپ قالسا، شۇ سەۋەبلىك كىشى جەننەتكە كىرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) النوم أخو الموت و لا يموت أهل الجنة (هب) عن جابر

294. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇيقۇ، ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشىدۇر، (جەننەتتە) جەننەت ئەھلى ئۆلمەيدۇ، (يەنى ھەم ئۇخلىمايدۇ، بۇنىڭغا ئايەت دەلىلدۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) هل تدرون ما الكوثر؟ هو نهر أعطانيه ربي في الجنة عليه خير كثير ترد عليه أمتي يوم القيامة آنيته عدد الكواكب يختلج العبد منهم فأقول: يا رب أنه من أمتي فيقال: إنك لا تدري

ما أحدثوا بعدك (حم م د ن) عن أنس

**295. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ، رەببىم ماڭا جەننەتتە ئاتا قىلغان بۇلاق، ئۆستەڭدۇر. ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىق باردۇر، مېنىڭ ئۇممىتىم قىيامەت كۈنى كەۋسەر كۆلىگە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ. ئۇنىڭ قاچا. جاملىرى يۇلتۇزلار ساندەك كۆپتۇر. ئۇلاردىن بەزىلەر كەۋسەرگە يېقىن كېلەلمەي ئايرىلىپ قالىدۇ. قاتتىق چەكلىنىدۇ. مەن ئاندىن ئى رەببىم. ھەقىقەتەن ئۇ مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ئىدى دېسەم. ماڭا: ھەقىقەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغۇەتكىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ. (يەنى بەزىسى مۇرتەد بولۇپ، دىندىن يانغان بولسا. بەزىسى بىدئەتنى پەيدا قىلغان). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) هل تمارون في القمر ليلة البدر ليس دونه سحاب ؟ هل تمارون في رؤية الشمس ليس دونها سحاب ؟ فإنكم ترونه كذلك يحشر الله الناس يوم القيامة فيقول : من كان يعبد شيئا فليتبعه فيتبع من كان يعبد الشمس الشمس و يتبع من كان يعبد القمر القمر و يتبع من كان يعبد الطواغيت الطواغيت و تبقى هذه الأمة فيها منافقوها ؛ فيأتيهم الله في صورة غير صورته التي يعرفون فيقول : أنا ربكم فيقولون : نعوذ بالله منك هذا مكاننا حتى يأتينا ربنا فإذا جاءنا عرفناه فيأتيهم الله في صورته التي يعرفون فيقول : أنا ربكم فيقولون : أنت ربنا فيتبعونه ؛ و يضرب الصراط بين ظهراني جهنم فأكون أول من يجوز من الرسل بأمته و لا يتكلم يومئذ أحد إلا الرسل و كلام الرسل يومئذ : اللهم سلم سلم و في جهنم كلاليب مثل شوك السعدان غير أنه لا يعلم ما قدر عظمها إلا الله تخطف الناس بأعمالهم فمنهم من يوبق بعمله و منهم من يخردل ثم ينجو حتى إذا فرغ الله من القضاء بين العباد و أراد أن يخرج برحمته من أراد من أهل النار أمر الملائكة أن يخرجوا من النار من كان لا يشرك بالله شيئا ممن يقول لا إله إلا الله فيخرجونهم و يعرفونهم بآثار السجود و حرم الله على النار أن تأكل آثار السجود فيخرجون من النار و قد امتحشوا فيصب عليهم ماء الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ثم يفرغ الله من القضاء بين العباد و يبقى رجل بين الجنة و النار و هو آخر أهل النار دخولا الجنة مقبلا بوجهه قبل النار فيقول : يا رب اصرف وجهي عن النار فقد قشبني ريحها و أحرقني ذكاؤها فيقول : هل عسيت إن فعل ذلك بك أن





تسأل غير ذلك فيقول : لا و عزتك فيعطي الله ما يشاء من عهد و ميثاق فيصرف الله وجهه عن النار فإذا أقبل به على الجنة و رأى بهجتها سكت ما شاء الله أن يسكت ثم قال : يا رب ! قدمني عند باب الجنة فيقول الله : أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي كنت سألت ؟ فيقول : يا رب لا أكون أشقى خلقك فيقول : فما عسيت إن أعطيتك ذلك أن لا تسأل غيره ؟ فيقول لا و عزتك لا أسألك غير ذلك فيعطى ربه ما شاء من عهد و ميثاق فيقدمه إلى باب الجنة فإذا بلغ بابها فرأى زهرتها و ما فيها من النضرة و السرور ؛ فيسكت ما شاء الله أن يسكت فيقول : يا رب أدخلني الجنة فيقول الله : ويحك يا ابن آدم ! ما أغدرك ! أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي أعطيت ؟ فيقول : يا رب لا تجعلني أشقى خلقك فيضحك الله منه ثم يأذن له في دخول الجنة فيقول : تمن فيتمني حتى إذا انقطعت أمنيته قال الله تعالى : زد من كذا و كذا أقبل يذكره ربه حتى إذا انتهت به الأماني قال الله عز و جل : لك ذلك و مثله معه (حم ق) عن أبي هريرة وأبي سعيد لكنه قال : وعشرة أمثاله أي في الجنة

**296. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلىپ، دە ــ تالاش، جېدەل ــ ماجرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قىيىنىپ كۆرىسىلەر، رۇشەن، ئوچۇق كۆرىسىلەر، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر). ئاللاھتائالا كىشىلەرنى توپلاپ، تىرىلدۈرۈپ قوپارغاندا، كىم نېمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن دەيدۇ، قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ، ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۇممەت قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۈرەتتىن باشقا بىر سۈرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دېسە، ئۇلار، ئاللاھقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز، (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ، (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجرنىڭ 22 ــ ئايىتىدىكى**

«پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دىگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دىيىش بولىدۇ، جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا ـ تىكەنلىرىدەك شوخۇلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ ـ قوپۇپ، يارىدار بولۇپ ئاندىن نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دىگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوۋزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى هارام قىلغان ئىدى، ئۇلار دوۋزاخدىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەسەدتەنلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوۋزاخدىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى دوۋزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوۋزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوۋزاخدىن باشقا تەرەپكە چۆرۈۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نىئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكى





ئالدىغان ئاپىرىپ قويساڭ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دىسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ـ نىئمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختىنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ چىداپ تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمىدىگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەنغۇ؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفس محمد بيده لمناديل سعد بن معاذ في الجنة أحسن من هذا (حم ق) عن أنس

(حم ق ت ن) عن البراء

**297**. ئەنەس، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يىپەك رەختتىن توقۇلغان رىدا، جۇۋا ھەدىي قىلىندى، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر مۇشۇنىڭدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى لۆڭگىسى، قول ياغلىقى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر، ھەم گۈزەلدۇر دىگەن. تىرمىزى **3782** ـ ھەدىس، نەسەئى **5207** ـ ھەدىس، ئەھمەد **12673** ـ ھەدىس، بۇخارى **2423** ـ ھەدىس، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) و الذي نفس محمد بيده ما من عبد يؤمن ثم يسدد إلا سلك به في الجنة و أرجو أن لا يدخلها أحد حتى تبوءوا أنتم و من صلح من ذرياتكم مساكن في الجنة و لقد وعدني ربي أن يدخل الجنة من أمتي سبعين ألفا بغير حساب (ه) عن رفاعة الجهني

**298**. رۋايە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر بەندە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۆزى تاقەت قىلغىدەك، قادىر بولالىغىدەك، ئوتتۇرىھال، توغرا يولنى تۇتسا، ھەق ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇ شۇ ئىشى سەۋەبلىك جەننەتكە يول سالغان بولىدۇ، سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلاردىن بولغان سالىھ، ياخشى كىشىلەر جەننەت ئىچىدىكى تۇرالغۇ جايلارغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولمىغىچە، ھېچ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرمەسلىكىنى يەنى سىلەرنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن كىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەقىقەتەن رەببىم ماڭا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن **70000** كىشىنى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ۋەدە قىلدى. (يەنى ناھايىتى كۆپ دېگەن مەنىدە). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفسي بيده إن السقط ليجر أمه بسرره إلى الجنة إذا احتسبته (ه) عن معاذ

**299**. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن تۇغۇلۇش مۇددىتىدىن بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمە بالا، ئانىسى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، سەۋرى قىلسىلا، ئانىسىنى كىندىك نەيچىسى بىلەن جەننەتكە سۆرەپ ئەكىرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) و الذي نفسي بيده لآنيته - يعني الحوض - أكثر من عدد نجوم السماء و كواكبها في الليلة المظلمة المصحية آنية الجنة من شرب منها ليس يظمأ آخر ما عليه يشخب فيه ميزابان من الجنة من شرب منه لم يظمأ عرضه مثل طوله ما بين عمان إلى أيلة ماؤه أشد بياضا من اللبن و أحلى من العسل (حم م ت) عن أبي ذر

**300**. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچا، جاملىرى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ، قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك كېچىدە كۆرۈنگەن بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپتۇر، جەننەتنىڭ قاچا ـ جاملىرىدىن بىر قېتىم شاراپ





ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، (ئاخىرقى ئەلەيھى دېگەن مەڭگۈ دېگەن مەنىدە) كەۋسەر كۆلگە جەننەتتىن ئىككى ئۆستەڭ شاراپ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، توغرىلىقى، ئۇزۇنلىقىدەك كەڭدۇر. خۇددى ئۇمان بىلەن ئەيلەت دېگەن جايىدەك شۇنداق كەڭدۇر، سۈيى بولسا، سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقتۇر. مۇسلىم **4255** ـ ھەدىس، ئەھمەد **20364** ـ ھەدىس. سەھىھ.

(صحيح) و الذي نفسي بيده لا تدخلون الجنة حتى تؤمنوا و لا تؤمنوا حتى تحابوا أولا أدلكم على شيء إذا فعلتموه تحاببتم ؟ أفشوا السلام بينكم (حم م د ت ه) عن أبي هريرة

**301**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقى مۆئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، ئەگەر قىلساڭلار ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوست بولۇپ قالىدىغان بىر ئىشنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىشىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سالاملىششىدۇر.

(صحيح) وعدني ربي أن يدخل الجنة من أمتي سبعين ألفا بلا حساب عليهم و لا عذاب مع كل ألف سبعون ألفا و ثلاث حثيات من حثيات ربي (حم ت حب) عن أبي أمامة

**302**. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىم ماڭا ئۈممىتىمدىن **70000** كىشىنى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى، ھەربىر **1000** كىشى بىلەن يەنە **70000** كىشى بىللە كىرىدۇ، ۋە رەببىمنىڭ ئوخشىشى يوق، چاڭگاللىرىدىن ئۈچ چاڭگال كىشىلەرمۇ جەننەتكە كىرەلەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ولد آدم كلهم تحت لوائي يوم القيامة و أنا أول من يفتح له باب الجنة (ابن عساكر) عن حذيفة

**303**. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بايرىقىم

ئاستىدا تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىپ بېرىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، (يەنى مەن ئۇممىتىم بىلەن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىمىز). ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) و ما تعدون الشهادة إلا من قتل في سبيل الله ؟ إن شهداء كم إذا لقليل القتل في سبيل الله شهادة و البطن شهادة و الحرق شهادة و الغرق شهادة و المغموم - يعني الهدم - شهادة و المجنوب شهادة و المرأة تموت بجمع (ن) عن عبدالله بن جبر

**304**. ئابدۇللاھ ئىبنى جەبىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر پەقەت ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىلا شېھىد دەپ سانامسىلەر؟ ئۇنداقتا شېھىد بولىدىغان كىشىلەر بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش شېھىدلىق، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلۈش، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈش، سۇدا غەرىق بولۇپ ئۆلۈش، تام، قۇرۇلۇش بېسىۋېلىپ ئۆلۈش شېھىدلىق، ۋە ئىچكى كېسەللىك، ئۆپكە كېسىلى، قورساق ئىچىگە چىققان جاراھەت يارىسىدا ئۆلۈش، ۋابادا ئۆلۈش، قورسىقىدا بالىسى بار ھامىلدار ئايالنىڭ ئۆلۈشى، نىپاسىدا، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشى شېھىدلىق بولىدۇ. ئىبنى ماجە **2793** ـ ھەدىس، ئەھمەد **9318** ـ ھەدىس، نەسەئى **3143** ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) الوالد أوسط أبواب الجنة (حم ت ه ك) عن أبي الدرداء

**305**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتا ـ ئانا دىگەن جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىدۇر، (يەنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ)، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى بىر كىشى كېلىپ، ئاتا ـ ئانام ئايالىمنى تالاق قىلىپ قويىۋېتىشىمنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى، مەن ئارىلىقتا قالدىم، قانداق قىلىمەن؟ دىگەندە، ئاندىن پەتىۋا بېرىپ سۆزلىگەن، يەنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئاتا ـ ئاناڭغا تۇرغىن دىگەن. تىرمىزى **1822** ـ ھەدىس، ئەھمەد **20724** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **2080** ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دىنىدا ئاتا ـ ئانا بىلەن ئايالى ياكى ئېرى ئارىسىدا تەڭلىكتە قالسا، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىسىنى تاللايدۇ، چۈنكى، بۇ پەرىزدۇر، توي دىگەن سۈننەت، ئاتا ـ ئانا تېپىلمايدۇ، ئەر ياكى ئايال تېپىلىدۇ.

لېكىن، ئاتا ـ ئانىلار زالىم بولسا، ھەقدىن چىقىپ كەتسە، قىز يا ئوغۇل ياخشى مۇسۇلمان تەقۋا بولسا، بۇ مەسىلىنى ئىسلام ئالىملىرى ئادىل ھەل





قىلىشى لازىم، مۆئمىنگە زۇلۇم قىلىنسا بولمايدۇ، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەتتۇر. ئاتا ـ ئانا دىگەن پەيغەمبەرلەردەك، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك بولۇشى لازىم، زادى بىزگە قانداق ئاتا ـ ئانىلار كېرەك؟

(صحيح) لا تزال جهنم يلقى فيها و تقول : (هل من مزيد) حتى يضع فيها رب العزة قدمه فينزوي بعضها إلى بعض و تقول : قط قط و عزتك و كرمك و لا يزال في الجنة فضل حتى ينشئ الله لها خلقا آخر فيسكنهم في فضول الجنة (حم ق ت) عن أنس

**306**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قېتىم جەھەننەمگە دوۋزاخ ئەھلى تاشلانسا، ئۇ يەنە بارمۇ؟ يەنە بارمۇ؟ دەپ تولمايدۇ، تاكى ئۇنىڭغا غالىپ، ئىززەتنىڭ ئىگىسى بولغان رەبتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئوخشىشى يوق قەدىمىنى قويغاندا دوۋزاخنىڭ بەزىسى بەزىسىگە يىمىرىلىپ، قاتلىشىپ، بۇكۇلۇپ، قەتتۇ، ئەمدى بولدى، تولدۇم دەپ كېتىدۇ. ئىززىتىڭ بىلەن ئۇلۇغلۇقۇڭ، سېخىيلىقىڭ بىلەن قەسەمكى، تولدۇم دەيدۇ. جەننەتتە بولسا، ئوشۇق بوش ئورۇن بولۇپ، ئاللاھتائالا ئۇ جايغا يەنە بىر مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئارتۇق بوش ئورۇنلىرىدا تۇرغۇزىدۇ، (ئى ئاللاھ، ئى ئاللاھ! بىزلەرنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزسىلە، ئامىن). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا تسبوا ورقة بن نوفل فإني قد رأيت له جنة أو جنتين (ك) عن عائشة

**307**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (بۇخارىينىڭ ئۇچىنچى ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغان خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغان) ۋەرقەت ئىبنى نەۋفەلنى تىللاپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن، بىر جەننەت ياكى ئىككى جەننەت بېرىلگىنىنى كۆردۈم. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا تغضب و لك الجنة (ابن أبي الدنيا طب) عن أبي الدرداء

**308**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غەزەپ قىلما، ئاچچىقلانما، چېچىلما، ساڭا جەننەت بېرىلىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (يۇقىرىدىمۇ ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇرغا جەننەت بېرىلگەن).

(صحيح) لا يجتمع كافر و قاتله في النار أبدا (م د) عن أبي هريرة

**309. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كاپىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى مەڭگۈ دوۋزاختا بىرلەشمەيدۇ، (يەنى كاپىر دوۋزاخقا كىرسە، ئۇنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد، جەننەتكە كىرىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) لا يدخل أحدا منكم عمله الجنة و لا يجير من النار و لا أنا إلا برحمة الله (م) عن جابر

**310. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، دوۋزاخدىنمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىمىز، (ياخشى ئەمەللەرمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) لا يدخل الجنة أحد إلا أري مقعده من النار لو أساء ليزداد شكرا و لا يدخل النار أحد إلا أري مقعده من الجنة لو أحسن ليكون عليه حسرة (خ) عن أبي هريرة

**311. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتكە كىرگەن ھەر قانداق بىر كىشىگە ئۇنىڭ دوۋزاختىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يامان كىشى بولغان بولسا، ئاقىۋىتىم ھەققەتەن قورقۇنۇشلۇق ھالاكەت بولار ئىكەن دەپ شۈكرى قىلىشنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ كېتىدۇ، دوۋزاخقا كىرگەن ھەر قانداق كىشىگە ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ ئىسىت! كاشكى مەن ياخشى كىشى بولسامچۇ دەپ قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەت چېكىدۇ. (بۇ كۆرسىتىلىش، جان ئالغان چاغدىكى ھەدىسنىڭ باياندا ئۆتۈپ كەتتى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) لا يدخل الجنة قاطع (حم ق د ت) عن جبير بن مطعم

**312. جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىيلە رەھىمنى ئۈزگۈچى يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.**





(صحيح) لا يدخل الجنة قتات (حم ق 3) عن حذيفة

**313. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇياقتىن ـ بۇياققا كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى توشىغۇچى سۇخەنچى، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم ئۇچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) لا يدخل الجنة مدمن خمر (ه) عن أبي الدرداء

**314. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دائىم ھاراق ئىچكۈچى زاباي، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلار سىلەرنىڭچە قەيەرگە كىرەر؟!**

لا يدخل الجنة من كان في قلبه مثقال ذرة من كبر قيل: إن الرجل يحب أن يكون ثوبه حسنا و نعله حسنة قال: إن الله جميل يحب الجمال الكبر بطر الحق و غمط الناس (م) عن ابن مسعود

**315. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلبىدە زەررە مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، بىر كىشى: ھەققەتەن كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئاياغلىرى گۈزەل، ياخشى بولۇشىنى ياخشى كۆرسىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ كىبىر قىلغانلىق ئەمەس، ھەققەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، كىبىر قىلىش دىگەن: ھەقنى ئىنكار قىلىپ، ھەققەتكە باش ئەگمەي، قايىل بولماسلىق، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى ئۇستۈن چوڭ تۇتۇشتۇر دىگەن. مۇسلىم 131 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1322 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3600 ـ ھەدىس، سەھىھ.**

(صحيح) لا يدخل الجنة من لا يأمن جاره بوائقه (م) عن أبي هريرة

**316. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خوشنىسىنى ھالاكەتلىك يامانلىقلىرىدىن ئەمىن قىلمايدىغان، خوشنىلىرى ئەمىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) لا يدخل الجنة منان و لا عاق و لا مدمن خمر (ن) عن ابن عمرو

**317.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا يدخل النار أحد في قلبه مثقال حبة خردل من إيمان و لا يدخل الجنة أحد في قلبه مثقال حبة خردل من كبرياء (م د ت ه) عن ابن مسعود

**318.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى چاغلىق ئىمان بار كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن ھەدىسلەر كۆپ ئۆتتى، كىبىر بولسا، ھەقنى ئىنكار قىلىپ، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتۇر. شەيتانمۇ كىبىر سەۋەبلىك كاپىر بولدى.

(صحيح) لا يدخل النار أحد ممن بايع تحت الشجرة (حم د ت) عن جابر (م) عن أم مبشر

**319.** جابىر ئۇممە مۇبەششەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا رىزۋان بەيئىتىنى قىلغانلاردىن ھىچ بىر كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. (بەلكى، جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار 1400 ئىدى). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا يغتسل رجل يوم الجمعة و يتطهر ما استطاع من الطهر و يدهن من دهنه أو يمس من طيب بيته ثم يخرج فلا يفرق بين اثنين ثم يصلي ما كتب له ثم ينصت إذا تكلم الإمام إلا غفر له ما بينه و بين الجمعة الأخرى (حم خ) عن سلمان

**320.** سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى جۇمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، قادىر بولىشىچە پاكلىنىپ، ئاندىن خۇشپۇراق ياغلىرىدىن ياكى ئۆيىدىكى ئەتىرلەردىن ئىستىمال قىلىپ، ئۆيىدىن چىقىپ جۇمئەگە كەلسە، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمىسە، كىشىلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتمەي، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام سۆز قىلغاندا سۆز قىلماي جىم





ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۇچۈن شۇ جۇمئە بىلەن يەنە بىر جۇمئە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى پۈتۈنلەي مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا يلج النار رجل بكى من خشية الله حتى يعود اللبن في الضرع و لا يجتمع غبار في سبيل الله و دخان جهنم في منخري مسلم أبدا (حم ت ن ك) عن أبي هريرة

**321.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھدىن قورقۇپ، يىغلاپ ياش تۆككەن كىشى، سۈت يىلىنىگە قايتمىغىچە دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. يەنى مەڭگۈ دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، مۇسۇلماننىڭ بۇرنىدا ئاللاھ يولىدىكى چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ ئىس ـ تۈتەك، تۈتۈنلىرى مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا يموت رجل مسلم إلا أدخل الله مكانه النار يهوديا أو نصرانيا (م) عن أبي موسى

**322.** ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ دوۋزاخدىكى ئورنىغا يەھۇدىينى ياكى ناسارانى كىرگۈزىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يەھۇدىي، ناسارالار جەننەتكە پەقەت بىزلا كىرىمىز، مۇسۇلمانلار دوۋزاخقا كىرىدۇ دىگەن ئېتىقادتا تۇرىدۇ، بۇ قۇرئاندا شۇنداق بايان قىلىنغان،ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمىنىدۇر).

لا يموت لمسلم ثلاثة من الولد فيلج النار إلا تحلة القسم (ق ت ن ه) عن أبي هريرة

**323.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: باللىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، پەقەت سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە ئازلا ۋاقىتتا دوۋزاخنى كۆرىدۇ. (سىلەردىن ھەر بىر كىشى دوۋزاخقا بارماي قالمايدۇ دىگەن ئايەت ئەنە شۇدۇر). بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا سعيد ! من رضي بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد نبيا وجبت له الجنة و أخرى يرفع بها العبد مائة درجة في الجنة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض الجهاد في سبيل الله الجهاد

في سبيل الله (حم م ن) عن أبي سعيد

**324. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ سەئىد! كىم ئاللاھقا رەب جەھەتتىن رازى بولسا، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ، لېكىن، يەنە بىر ئىش بولۇپ، بەندە ئۇ ئىش سەۋەبلىك جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى خۇددى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر، ئۇ ئىش بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر! ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.**

يا ابن الخطاب ! اذهب فناد في الناس : إنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون (حم م) عن عمر

**325. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىبنى خەتتاپ! سەن بېرىپ كىشىلەرگە مۇنداق نىدا قىلىپ توۋلىغىن، جەننەتكە پەقەت شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرلا كىرىدۇ!!!. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) يا أيها الناس ! أفشوا السلام و أطعموا الطعام و صلوا الأرحام و صلوا بالليل و الناس نيام تدخلوا الجنة بسلام (حم ت ه ك) عن عبدالله بن سلام

**326. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سالامنى كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، تائام بېرىڭلار، سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلىرى ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە سالامەتچىلىك بىلەن كىرەلەيسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) يا عائشة ! إن الله خلق للجنة أهلا خلقهم لها و هم في أصلاب آبائهم و خلق للنار أهلا خلقهم لها و هم في أصلاب آبائهم (حم م د ه) عن عائشة

**327. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا جەننەتكە، جەننەت ئەھلىنى ياراتتى، ئۇلارنى جەننەتكە ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ سۇلبىدا، پۇشتىدىكى چاغدىلا بىلىپ**





**ياراتتى، دوۋزاخقىمۇ دوۋزاخ ئەھلىنى ياراتتى، ئۇلارنىمۇ ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ سۇلبىدىكى چاغدىلا ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.**

**ئالدىن بىلىشى ئۇلارنى يارىتىشىدىن توسمايدۇ، ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى، لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى سەۋەبچى، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى، يەنىلا بىلىپ تۇرۇپ يارىتىۋەردى، ئىرادىسى، خالىشى، ھېكمىتى شۇنداق ئىدى.**

(صحيح) يا معشر الفقراء ! ألا أبشركم ؟ إن فقراء المؤمنين يدخلون الجنة قبل أغنيائهم بنصف يوم : خمسمائة عام (ه) عن ابن عمر

**328. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى پېقىرلار جامائىتى! مەن سىلەرگە خۇش بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنىڭ پېقىر، نامراتلىرى بايلىرىدىن يېرىم كۈن، ئۇ بولسىمۇ 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ. (بايلار ھېساب بېرىشكە تۇتۇلىدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.**

يؤتى بالرجل يوم القيامة من أهل الجنة فيقول له : يا ابن آدم ! كيف وجدت منزلك ؟ فيقول : أي رب ! خير منزل فيقول : سل و تمن فيقول : يا رب ما اسأل و لا أتمنى إلا أن تردني إلى الدنيا فأقتل في سبيلك عشر مرار لما يرى من فضل الشهادة و يؤتى بالرجل من أهل النار فيقول له : يا ابن آدم ! كيف وجدت منزلك ؟ فيقول : أي رب ! شر منزل فيقول له : أتفتدي منه بطلاع الأرض ذهبا ؟ فيقول : أي رب ! نعم فيقول : كذبت قد سألتك أقل من ذلك و أيسر فلم تفعل فيرد إلى النار (حم م ن) عن أنس

**329. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ئورنىڭنى قانداقراق تاپتىڭ؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى، ئى رەببىم، ئۇ ئەڭ ياخشى ئورۇن ئىكەن دەيدۇ، ئاللاھ: سورىغىن ئارزۇ قىلغىن دەيدۇ، ئۇ كىشى، شېھىدلىقنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكىدىن، ئى رەببىم! مەن پەقەت مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشۇڭنى سورايمەن، شۇنىلا ئارزۇ قىلىمەن، سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلسەم دەيمەن دەيدۇ، دوۋزاخ ئەھلىدىن بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئى ئادەم بالىسى! ئورنۇڭنى قانداق تاپتىڭ دەيدۇ، ئۇ: ئى رەببىم، ئۇ**

ئەڭ يامان ئازابلىق ئورۇن ئىكەن دەيدۇ. ئاللاھۇ ئۇنىڭغا: سەن ئۇ جايدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زېمىن تولغىدەك ئالتۇننى پىدىيە بېرەمتىڭ؟ دېسە، ئۇ ھەئە يا رەببىم، زېمىن تولغىدەك ئالتۇنۇم بولسىمۇ ئۇنى پىدىيە بېرەتتىم دەيدۇ، ئاللاھ: سەن يالغان سۆزلىدىڭ، ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز، ئاسان ئىشنى سورىسام سەن قىلمىدىڭ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ دوۋزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. (باشقا خاتىرىدە سورىغان ئاسان ئىشى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئىدى دېگەن بار). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يدخل الجنة أقوام أفئدتهم مثل أفئدة الطير (حم م) عن أبي هريرة

**330**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە بىر تۈركۈم قەۋملەر كىرىدۇكى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى خۇددى قۇشنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوخشايدۇ، (يەنى قەلبى يۇمشاق، ئاجىز، ئاسان ئېرىپ ياش تۆكىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئاسان قورقىدۇ، ئەيمىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، كۆيۈمچان كېلىدۇ). مۇسلىم، جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپىتىدە توپلىغان، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، شەرھىسى مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى، ئىمام نەۋەۋى.

(صحيح) يخرج من النار من قال: لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن شعيرة ثم يخرج من النار من قال لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن برة ثم يخرج من النار من قال لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن ذرة (حم ق ت ن) عن أنس

**331**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق دېگەن، ۋە قەلبىدە بىر تال ئارپا چاغلىق ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە بىر تال بۇغداينىڭ ۋەزنىگە توغرا كەلگەنچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يدخل أهل الجنة الجنة جردا مردا كأنهم مكحلون أبناء ثلاث و ثلاثين (حم ت) عن معاذ بن جبل

**332**. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم





مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، بەدەن، جەسەدلىرىدە تۈك يوق، ئىنگەكلىرىدىمۇ تۈك يوق، گۈزەل ھالەتتە كىرىدۇ، ئۇلار خۇددى سۈرمە تارتىپ قويغاندەك گۈزەل، 33 ياشلىق ھالەتتە كىرىدۇ، (جىسمى ئادەم ئاتىنىڭ جىسمىدا شۇنداق گۈزەل كىرىدۇ، چۈنكى، ئادەمنى ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىقى تۈگىمەيدۇ، ھەتتا، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ كونىرىمايدۇ، خۇلاسە سۆز شۇكى، ئۇلارغا جەننەتتە خالىغىنى باردۇر، مانا بۇ بىردىنبىر قەلب خاتىرجەملىكىدۇر). ئەھمەد 8168 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2468 ـ ھەدىس، دارمى 2705 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) يدخل الله أهل الجنة الجنة و أهل النار النار ثم يقوم مؤذن بينهم فيقول: يا أهل الجنة ! لا موت و يا أهل النار ! لا موت كل خالد فيما هو فيه (ق) عن ابن عمر

**333**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلىنى دوۋزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بىر جاكارچى مۇئەززىن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق نىدا قىلىپ توۋلايدۇ، ئى جەننەت ئەھلى! ئۆلۈم يوق، ئى دوۋزاخ ئەھلى، ئەمدى ئۆلۈش يوق، ھەر ئىككىلى پىرقە ئۆزى تۇرىۋاتقا ئورۇندا مەڭگۈ قالىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يشفع الشهيد في سبعين من أهل بيته (د) عن أبي الدرداء

**334**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولغان كىشى، ئۆي ئەھلىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ، يەنى جەننەتكە ئەكىرەلەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يضحك الله إلى رجلين يقتل أحدهما الآخر يدخلان الجنة يقاتل هذا في سبيل الله فيقتل ثم يتوب الله على القاتل فيسلم فيقاتل في سبيل الله فيستشهد (حم ق ن ه) عن أبي هريرة

**335**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ بىرسى، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا قاتىلنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىد بولىدۇ. (خۇددى

ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمەت كاززاپنى ئۆلتۈرگەندەك). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، ھەم شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

يعجب ربك من راعي غنم في رأس شظية بجبل يؤذن للصلاة و يصلي فيقول الله عز و جل: انظروا إلى عبدي هذا يؤذن و يقيم الصلاة يخاف مني قد غفرت لعبدي و أدخلته الجنة (حم د ن) عن عقبة

**336.** ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭ، تاغ چوققىسىدا قوي بېقىپ نامازغا ئەزان توۋلاپ ناماز ئوقۇغان ئابىد پادىچىدىن خۇرسەن ۋە رازى بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ماۋۇ بەندەمگە قاراڭلار، ئۇ نامازغا ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ مەندىن قورقۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئابىد زاھىدلىقنىڭ پەزىلىتى.

(صحيح) يعطى المؤمن في الجنة قوة مائة في النساء (ت حب) عن أنس

**337.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۆئمىنگە جەننەتتە، ئاياللىرى ھەققىدە **100** ئەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، (چۈنكى، ئۇنىڭ شۇنداق كۆپ ئاياللىرى باردۇر). تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يغفر للشهيد كل ذنب إلا الدين (حم م) عن ابن عمرو

**338.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىد ئۈچۈن قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، شېھىد بولسىمۇ قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يقال لصاحب القرآن إذا دخل الجنة: اقرأ و اصعد فيقرأ و يصعد لكل آية درجة حتى يقرأ آخر شيء معه (حم ه) عن أبي سعيد





**339.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئەھلى بولغان قارىيغا ئۇ جەننەتكە كىرگەندە مۇنداق دېيىلىدۇ، ئوقۇ! يۇقىرى ئۆرلە! ئۇ ئوقۇپ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ، ھەر بىر ئايەتنىڭ بارابىرىگە بىر دەرىجە باردۇر، ھەتتا ئۇ ئۆزى بىلەن بار بولغان ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ، ئاشۇ دەرىجىگە يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، (ئەگەر ئۇ پۈتۈن قۇرئاننى يادا بىلسە، ۋە ئەمەل قىلسا، **6000**دىن ئارتۇق دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ، قارىيلار پۈچەك زەللىگە ئەمەس، بەلكى، ئاشۇ دەرىجىگە قۇرئان ئوقۇسۇن. ئىككى دەرىجە ئارىلىقى، ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: ما لعبدي المؤمن عندي جزاء إذا قبضت صفيه من أهل الدنيا ثم احتسبه إلا الجنة (حم خ) هرير

**340.** ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ئەڭ يېقىن تاللانغان مەھبۇبىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاتا ـ ئانىسىنى، بالىسىنى يا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان جۈپتىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت مېنىڭ دەرگاھىمدا جەننەتلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، جەننەتتىن باشقىسى يوق. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: من عمل حسنة فله عشر أمثالها و أزيد و من عمل سيئة فجزاؤها مثلها أو أغفر و من عمل قراب الأرض خطيئة ثم لقيني لا يشرك بي شيئا جعلت له مثلها مغفرة و من اقترب إلي شبرا اقتربت إليه ذراعا و من اقترب إلي ذراعا اقتربت إليه باعا و من أتاني يمشي أتيته هرولة (حم م ه) عن أبي ذر

**341.** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىپ، نىيىتىگە، ئىخلاسىغا قارىتا مەن يەنە زىيادە قىلىپ بېرىمەن، كىم بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى شۇ بىر يامانلىققىلا بولۇپ، تۆۋبە قىلسا، مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، كىم زېمىن تولغىدەك خاتالىقنى قىلىپ ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، مەن ئۇ كىشىگە زېمىن تولغىدەك مەغپىرەتنى قىلىپ بېرىمەن، (يەنى مەغپىرەت قىلىپ

**كەچۈرىۋېتمەن، شەرتى، ئىمان، شېرىك كەلتۈرمەسلىك،) كىم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇ كىشىگە يۈگرەپ بارىمەن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.**

ينادي مناد : إن لكم أن تصحوا فلا تسقموا أبدا و إن لكم أن تحيوا فلا تموتوا أبدا و إن لكم أن تشبوا فلا تهرموا أبدا و إن لكم أن تنعموا فلا تبأسوا أبدا (حم م ت ه) عن أبي سعيد وأبي هريرة

**342. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىگە بىر جاكارچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەر جەننەتتە مەڭگۇ ساق ـ سالامەت تۇرىسىلەر، ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر، مەڭگۇ ياش، گۈزەل تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، مەڭگۇ نېئمەتتە لەززەتلىنىسىلەر، ھەرگىز ئازابلانمايسىلەر، غەم ـ قايغۇ قىلمايسىلەر، يوقسىز بولمايسىلەر. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.**

يود أهل العافية يوم القيامة حين يعطى أهل البلاء الثواب لو أن جلودهم كانت قرضت في الدنيا بالمقاريض (ت) عن جابر

**343. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيادا مۇسىبەت يەتمەي ساق ـ سالامەت قالغانلار قىيامەت كۈنى بالالار ئەھلىگە ئەجىر ـ ساۋاب بېرىلگەندە ئېسىت! كاشكى، دۇنيادىكى چاغدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن كېسىلىپ كەتكەن بولسىمۇ؟ دەپ ئېغىر مۇسىبەت يەتكەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. تىرمىز توپلىغان، ھەسەن، ئى مۇسىبەت ئەھلىلىرى! ئېغىر سىناق، بالالارغە يولۇققانلار! سەبرى قىلىڭلار، ئەجىر ئالدىڭلاردا.**

(صحيح) هل تضارون في رؤية الشمس بالظهيرة صحوا ليس معها سحاب ؟ و هل تضارون في رؤية القمر ليلة البدر صحوا ليس فيها سحاب ؟ ما تضارون في رؤية الله يوم القيامة إلا كما تضارون في رؤية أحدهما إذا كان يوم القيامة أذن مؤذن : ليتبع كل أمة ما كانت تعبد فلا يبقى





أحد كان يعبد غير الله من الأصنام و الأنصاب إلا يتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر و فاجر و غير أهل الكتاب فيدعى اليهود فيقال لهم : ما كنتم تعبدون ؟ قالوا : كنا نعبد عزيرا ابن الله ! فيقال : كذبتم ما اتخذ الله من صاحبة و لا ولد فماذا تبغون ؟ قالوا : عطشنا يا ربنا فاسقنا فيشار إليهم : ألا تردون ؟ فيحشرون إلى النار كأنها سراب يحطم بعضها بعضا فيتساقطون في النار ؛ ثم يدعى النصارى فيقال لهم : ما كنتم تعبدون ؟ قالوا : كنا نعبد المسيح ابن الله ! فيقال لهم : كذبتم ما اتخذ الله من صاحبة و لا ولد فيقال لهم : ماذا تبغون ؟ فيقولون : عطشنا يا ربنا فاسقنا فيشار إليهم : ألا تردون ؟ فيحشرون إلى جهنم كأنها سراب يحطم بعضها بعضا فيتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر و فاجر أتاهم رب العالمين في أدنى صورة من التي رأوه فيها قال : فما تنتظرون ؟ تتبع كل أمة ما كانت تعبد قالوا : يا ربنا فارقنا الناس في الدنيا أفقر ما كنا إليهم و لم نصاحبهم فيقول : أنا ربكم فيقولون : نعوذ بالله منك لا نشرك بالله شيئا مرتين أو ثلاثا حتى إن بعضهم ليكاد أن ينقلب فيقول : هل بينكم و بينه آية فتعرفونه بها ؟ فيقولون : نعم الساق فيكشف عن ساق فلا يبقي من كان يسجد لله من تلقاء نفسه إلا أذن الله له بالسجود و لا يبقى من كان يسجد اتقاء و رياء إلا جعل الله ظهره طبقة واحدة كلما أراد أن يسجد خر على قفاه ثم يرفعون رءوسهم و قد تحول في الصورة التي رأوه فيها أول مرة فيقول : أنا ربكم فيقولون : أنت ربنا ؛ ثم يضرب الجسر على جهنم و تحل الشفاعة و يقولون : اللهم سلم سلم قيل : يا رسول الله و ما الجسر ؟ قال : دحض مزلة فيه خطاطيف و كلاليب و حسكة تكون بنجد فيها شويكة يقال لها : السعدان فيمر المؤمنون كطرف العين و كالبرق و كالريح و كالطير و كأجاويد الخيل و الركاب فناج مسلم و مخدوش مرسل و مكدوس في نار جهنم حتى إذا خلص المؤمنون من النار فوالذي نفسي بيده ما من أحد منكم بأشد مناشدة لله في استيفاء الحق من المؤمنين لله يوم القيامة لإخوانهم الذين في النار يقولون : ربنا كانوا يصومون معنا و يصلون و يحجون فيقال لهم : أخرجوا من عرفتم فتحرم صورهم على النار فيخرجون خلقا كثيرا قد أخذت النار إلى نصف ساقه و إلى ركبتيه فيقولون : ربنا ما بقي فيها أحد ممن أمرتنا به ؛ فيقول الله عز و جل : ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون ربنا لم نذر فيها أحدا ممن أمرتنا به ؛ ثم يقول : ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال نصف دينار من

خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون: ربنا لم نذر فيها ممن أمرتنا أحدا ثم يقول: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال ذرة من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثير ثم يقولون: ربنا! لم نذر فيها خيرا فيقول الله: شفعت الملائكة و شفع النبيون و شفع المؤمنون و لم يبق إلا أرحم الراحمين فيقبض قبضة من النار فيخرج منها قوما لم يعملوا خير قط قد عادوا حمما فيلقيهم في نهر في أفواه الجنة يقال له: نهر الحياة فيخرجون كما تخرج الحبة في حميل السيل ألا ترونها تكون إلى الحجر أو الشجر ما يكون إلى الشمس أصيفر و أخيضر و ما يكون منها إلى الظل يكون أبيض فيخرجون كاللؤلؤ في رقابهم الخواتيم يعرفهم أهل الجنة: هؤلاء عتقاء الله من النار الذين أدخلهم الجنة بغير عمل عملوه و لا خير قدموه ثم يقول: أدخلوا الجنة فما رأيتموه فهو لكم فيقولون: ربنا أعطيتنا ما لم تعط أحدا من العالمين فيقول: لكم عندي أفضل من هذا؟ فيقولون: يا ربنا أي شيء أفضل من هذا؟ فيقول: رضاي فلا أسخط عليكم بعده أبدا (حم ق) عن أبي سعيد

**344.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ھاۋا سۈپسۈزۈك، بۇلۇت بولمىغان چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر ھاۋا سۈزۈك بۇلۇت بولمىغان كېچىلەردە 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر پەقەت قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرۈشتە، خۇددى ئاشۇ ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتە شەكتە بولغىنىڭلاردەك، شەكتە بۇلۇپ قالىسىلەر، (يەنى الله نى كۆرۈشتە شەكتەبولماڭلار. رۇشەن، قىنىپ كۆرىسىلەر،) قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا بىر مۇئەززىن، جاكارچى ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغان نەرسىگە ئەگەشسۇن! دەپ توۋلايدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە، تاشقا، بۇتقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغانلار بىرسىمۇ قالماي دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاكى ئۇلاردىن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ــ يامان كىشىلەر، سالىھ ۋە پاسىقلار ۋە يەھۇدىي ــ ناسارالار قېلىپ قالغاندا يەھۇدىيلار چاقىرتىلىپ، ئۇلارغا: سىلەر نىمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دىيىلىدۇ، ئۇلار: بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلارغا يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغىنى يوق، بالا تۇغقىنى يوق، ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوق، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاك دىيىلىپ، سىلەر نىمىنى تەلەپ قىلىسىلەر دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارساڭ دەيدۇ، ئۇلارغا ئاۋۇ سۇ بار كۆلگە سۇ ئىچكىلى بارمامسىلەر؟ دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، ئۇلار دوۋزاخقا توپلىشىدۇ، ئۇ،گەرچە





بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقان ئوت بولسىمۇ، ئۇلارغا چۆللۈكتىكى ساراپ سۇدەك كۆرۈنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ناسارالار چاقىرىلىپ، ئۇلارنىمۇ سىلەر نىمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار دىيىلىدۇ، ئۇلار، بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەيساغا ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاكتۇر) ئۇلارغا سىلەر يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، چۈنكى ئايالى يوق، چۈنكى ئوخشىشى يوق، ئۇ خالق ئاللاھدۇر، دىيىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەر نىمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارغان بولساڭ دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئاخىرىدا دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، دوۋزاخنى سۇمىكى دەپ سەكرەيدۇ، ئاندىن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ــ يامان كىشىلەر قېلىپ قالغاندا، ئۇلارغا، ئاللاھتائالا ئۇلار كۆرىدىغان سۇرەت، كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ئەدنا، تۆۋىنىدە يەنى باشقا بىر سۇرەتتە كېلىپ، (يەنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىپ،): سىلەر نىمىنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇۋاتىسىلەر؟، ھەممە ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئەگىشىپ كەتتى، سىلەر نىمىدەپ قالدىڭلار؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز ئۇ كىشىلەردىن ئۇ دۇنيادىكى چاغدىمۇ ئەڭ مۇھتاج تۇرۇپ ئايرىلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولمىغان دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دەپ ئىككى ــ ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنى ھېلىقى پاجىر، پاسىقلىرى ئارقىسىغا چېكىنىپ، يېنىپ كەتكىلى تاس ــ تاس قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا سىلەر بىلەن رەببىڭلار ئارىسىدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار، ھەئە بار، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان پاچىقى بار، ئۇ پاچىقىنى ئاچىدۇ، بۇ ئېغىر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق پاچاقنى ئاچىدۇ، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆز نەپسى تەرەپتىن چىن دىلىدىن خالاپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغانلارغا ئاللاھ سەجدە قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىدۇ. ئاللاھقا بۇ دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىپ ئۆزىگە يېتىدىغان مۇسىبەتتىن قورقۇپ سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئۇچىسىنى ئاللاھتائالا بىرلا قەۋەت نەرسە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئېگىلمەس تۈزلا، بىرلا نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر قاچان سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سەجدە قىلالمايدۇ. ئاندىن سەجدە قىلغان مۆئمىنلەر بېشىنى كۆتۈرسە، ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق سۈرىتىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى تۇنجى قېتىم كۆرەلەيدۇ، ئاندىن

ئاللاھتائالا مانا مەن رەببىڭلار دەيدۇ، ئۇلارمۇ ھەئە راس سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەيدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۇستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، شاپائەت دۇرۇس بولۇپ چۈشىدۇ، ئاندىن ھەربىر پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر ئى ئاللاھتائالا، سالامەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ سالامەت قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ. (چۈنكى سىرات كۆرۋرۈكى، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىكتۇر). ئۇلار سىرات كۆۋرۈكى دىگەن نىمە؟ ئۇ قانداق بولىدۇ دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىرات كۆۋرۈكى بولسا، قەدەملەر تېيىلىپ، قارار ئېلىپ تۇرالمايدىغان تېيىلغاق، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇچى ئىلمەك قاماق ـ ئىلمەكلەر بار، ئۇچى تۇم، كۆتىكى ئىنچىكە ئىلىنغان نەرسە ئاسان چۈشۈپ كەتمەيدىغان نەجد دىگەن جايدىكى سەئدان دىيىلىدىغان شوخا تىكەنگە ئوخشاش، شوخا تىكەنلىرى بار، قورقۇنۇشلۇق كۆۋرۈكتۇر. مۆئمىنلەر ئۇنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە خۇددى چاقماق نۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىسى شامالدەك. بەزىسى تېز ئۇچقان قۇشتەك. بەزىسى تېز، چاپقۇر نوچى ئاتتەك. بەزىسى كارۋان تۆگىسىدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلىدىغانلار بار، يارىلىنىپ، يارىدار قىلىنىپ ئاندىن قويۇپ بېرىلىدىغانلار بار، جەھەننەم ئوتى ئىچىگە يۈزىچە دۈم تاشلىنىپ، چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ خالاس تاپقاندا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئىچىدىكى قېرىندىشى ئۈچۈن مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشكە دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشقا تەلەپ قىلىشىدا سىلەردەك قاتتىق، چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق، سىلەر يەنى مۆئمىنلەر شۇ چاغدا مۇنداق دەپ تەلەپ قىلىدۇ: ئى رەببىمىز!، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، ئۇلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزسىلا، ئاندىن ئۇلارغا دوزاخدىن سىلەر تونىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىڭلار دىيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى دوۋزاخ ئوتىغا ھارام بولۇپ، ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئۇلار نۇرغۇن خەلقلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئوت ئۇۋۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە، تىزىغىچە كۆيدۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشى قالمىدى دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارغا: قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە بىر دىينار مىقدارىدا ئىمان، ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي دوۋزاخدىن چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا





يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە يېرىم دىينار مىقدارىدا ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنىمۇ دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرىغان كىشىدىن ھېچ بىرىنى قويماي چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە زەررىچىلىك مىقداردا ياخشىلىق، ئىمان بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، ئەمدى بىز دوۋزاختا قەتئىي ياخشىلىق، ئىمان دىگەن نەرسىنى قالدۇرمىدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا: پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ بولدى، ئەمدى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىمى ـ شەپقەت قىلغۇچىراقى بولغان مەن قالدىم دەپ دوۋزاخدىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشى يوق قولى بىلەن چاڭگاللاپ، قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن قەۋملەرنى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئىشىك ئېغىزلىرىدىكى نەھرۇلھايات (ھاياتلىق بۇلىقى) دىگەن ئۆستەڭگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دانلار ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا قارىماسىلەر؟، تاشتىكى يا دەرەخ يېنىدىكى قۇياشقا يېقىنراق بولغىنى، سېرىق، يېشىل بولىدۇ، سايىدا ئۈنگىنى بولسا ئاق بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، كېيىن گۆھەردەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بويۇن، گەردەنلىرىدە مۆھۈر بېسىلغان تامغا بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇلارنى تونىيالايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن ئازاد قىلىپ، جەننەتكە، ئۇلار قىلغان ئەمەلسىز ئىلگىرى تەقدىم قىلغان ياخشىلىقسىزلا كىرگۈزگەن، ئاللاھنىڭ ئازادگەردىلىرىدۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا: جەننەتكە كىرىڭلار، جەننەتتە سىلەر كۆرگەن نەرسىلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ دەيدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە ئالەملەردىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدىلا، دەپ كېتىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىدى). ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا، سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ نەزىلىمدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك مۇكاپات بار دەيدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، قايسى نەرسە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇ بولسا مېنىڭ سىلەردىن رازى بولۇشۇم بولۇپ، مەن سىلەرگە بۇندىن كېيىن مەڭگۈ غەزەپ قىلمايمەن دەيدۇ، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى راستىنلا جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى ھەم جەننەتتە ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، بۇ كاتتا مۇكاپاتتۇر.

2. ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان چوقۇنغان نەرسىسىگە ئەگىشىپ، دوۋزاخقا چۈشىدۇ.

3. ھەتتا يەھۇدىي، ناسارالارمۇ دوۋزاخقا چۈشىدۇ.

4. ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوقتۇر، ئوخشىشى يوق.

5. مۆئمىنلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

6. ئۇلارغا ئاللاھ، ئۆزىگە لايىق ئوخشىشى يوق، ئەڭ گۈزەل جامالى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

7. رىياخور، مۇناپىقلار سەجدە قىلالمايدۇ.

8. دوۋزاخ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ.

9. ئۇ قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك ئۇنىڭ شوخا تىكەن، ئىلمەكلىرى باردۇر.

10. مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسى چاقماق تېزلىكىدە، بەزىسى بولسا ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەتتا دوۋزاخقا تالشىنىدىغانلار بار.

11. پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ.

12. ئاللاھتائالا رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن نۇرغۇن قەۋملەرنى چاڭگاللاپ چىقىرىپ قىلچە ياخشىلىقسىزلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنى، رەھمەت ـ پەزلىدۇر.

13. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلىقىغا لايىق ئوخشىشى يوق، قولى باردۇر.

14. ئۇئازادگەردىلەر نەھرۇلھاياتتا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، جەسەد، تەنلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىدە مۆھۈر، تامغا بېسىلغاندۇر.

15. ئاللاھتائالا جەننەتتىنى بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى جەننەتتىنمۇ ئەۋزەل ۋە بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ بىزگە جامالىلىرىنى، رازىلىقلىرىنى ئاتا قىلسىلا. ئامىن!





(صحيح) هل تمارون في القمر ليلة البدر ليس دونه سحاب ؟ هل تمارون في رؤية الشمس ليس دونها سحاب ؟ فإنكم ترونه كذلك يحشر الله الناس يوم القيامة فيقول : من كان يعبد شيئا فليتبعه فيتبع من كان يعبد الشمس الشمس و يتبع من كان يعبد القمر القمر و يتبع من كان يعبد الطواغيت الطواغيت و تبقى هذه الأمة فيها منافقوها ؛ فيأتيهم الله في صورة غير صورته التي يعرفون فيقول : أنا ربكم فيقولون : نعوذ بالله منك هذا مكاننا حتى يأتينا ربنا فإذا جاءنا عرفناه فيأتيهم الله في صورته التي يعرفون فيقول : أنا ربكم فيقولون : أنت ربنا فيتبعونه ؛ و يضرب الصراط بين ظهراني جهنم فأكون أول من يجوز من الرسل بأمته و لا يتكلم يومئذ أحد إلا الرسل و كلام الرسل يومئذ : اللهم سلم سلم و في جهنم كلاليب مثل شوك السعدان غير أنه لا يعلم ما قدر عظمها إلا الله تخطف الناس بأعمالهم فمنهم من يوبق بعمله و منهم من يخردل ثم ينجو حتى إذا فرغ الله من القضاء بين العباد و أراد أن يخرج برحمته من أراد من أهل النار أمر الملائكة أن يخرجوا من النار من كان لا يشرك بالله شيئا ممن يقول لا إله إلا الله فيخرجونهم و يعرفونهم بآثار السجود و حرم الله على النار أن تأكل آثار السجود فيخرجون من النار و قد امتحشوا فيصب عليهم ماء الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ثم يفرغ الله من القضاء بين العباد و يبقى رجل بين الجنة و النار و هو آخر أهل النار دخولا الجنة مقبلا بوجهه قبل النار فيقول : يا رب اصرف وجهي عن النار فقد قشبني ريحها و أحرقني ذكاؤها فيقول : هل عسيت إن فعل ذلك بك أن تسأل غير ذلك فيقول : لا و عزتك فيعطي الله ما يشاء من عهد و ميثاق فيصرف الله وجهه عن النار فإذا أقبل به على الجنة و رأى بهجتها سكت ما شاء الله أن يسكت ثم قال : يا رب ! قدمني عند باب الجنة فيقول الله : أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي كنت سألت ؟ فيقول : يا رب لا أكون أشقى خلقك فيقول : فما عسيت إن أعطيتك ذلك أن لا تسأل غيره ؟ فيقول لا و عزتك لا أسألك غير ذلك فيعطى ربه ما شاء من عهد و ميثاق فيقدمه إلى باب الجنة فإذا بلغ بابها فرأى زهرتها و ما فيها من النضرة و السرور ؛ فيسكت ما شاء الله أن يسكت فيقول : يا رب أدخلني الجنة فيقول الله : ويحك يا ابن آدم ! ما أغدرك ! أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي أعطيت ؟ فيقول : يا رب لا تجعلني أشقى خلقك فيضحك الله منه ثم يأذن له في دخول الجنة فيقول : تمن فيتمني حتى إذا انقطعت أمنيته قال الله تعالى : زد من كذا و كذا أقبل

يذكره ربه حتى إذا انتهت به الأماني قال الله عز و جل : لك ذلك و مثله معه (حم ق) عن أبي هريرة وأبي سعيد لكنه قال : وعشرة أمثاله أي في الجنة

**345.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلىپ، دە ـ تالاش، جىدەل ـ ماجرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قىنىپ كۆرىسىلەر، رۇشەن، ئوچۇق كۆرىسىلەر، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر). ئاللاھتائالا كىشىلەرنى توپلاپ، تىرىلدۈرۈپ قوپارغاندا، كىم نىمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن دەيدۇ. قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ، ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۇممەت قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۈرەتتىن باشقا بىر سۈرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دىسە، ئۇلار، ئاللاھقا سىغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز، (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ، (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجرنىڭ 22 ـ ئايىتىدىكى «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دىگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۇممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دىيىش بولىدۇ، جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا ـ تىكەنلىرىدەك شوخۇلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ ـ قوپۇپ، يارىدار بولۇپ ئاندىن نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت





ـ پەزلى بىلەن دوۋزاختىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دىگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوۋزاختىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوۋزاختىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوۋزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى ھارام قىلغان ئىدى، ئۇلار دوۋزاختىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوۋزاختىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى دوۋزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوۋزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوۋزاختىن باشقا تەرەپكە چۆرىۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىيساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوۋزاختىن چۆرىۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغان ئاپىرىپ قويساڭ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دىسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ـ نېئمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ جىداپ تۇرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمىدىگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەنغۇ؟

**دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۇلۇپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىنتىهاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ـ بىرلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.**

(صحيح) يا أيها الناس ! إنها لم تكن فتنة على وجه الأرض منذ ذرأ الله ذرية آدم أعظم من فتنة الدجال و إن الله عز و جل لم يبعث نبيا إلا حذر أمته الدجال و أنا آخر الأنبياء و أنتم آخر الأمم و هو خارج فيكم لا محالة فإن يخرج و أنا بين أظهركم فأنا حجيج لكل مسلم و إن يخرج من بعدي فكل حجيج نفسه و الله خليفتي على كل مسلم و إنه يخرج من خلة بين الشام و العراق فيعيث يمينا و شمالا يا عباد الله ! أيها الناس ! فاثبتوا فإني سأصفه لكم صفة لم يصفها إياه قبلي نبي إنه يبدأ فيقول: أنا نبي و لا نبي بعدي ثم يثني فيقول: أنا ربكم و لا ترون ربكم حتى تموتوا و إنه أعور و إن ربكم ليس بأعور و إنه مكتوب بين عينيه: كافر يقرؤه كل مؤمن كاتب أو غير كاتب ؛ و إن من فتنته أن معه جنة و نارا فناره جنة و جنته نار فمن ابتلي بناره فليستغث بالله و ليقرأ فواتح الكهف (فتكون بردا و سلاما كما كانت النار على إبراهيم) و إن من فتنته أن يقول للأعرابي: أرأيت إن بعثت لك أباك و أمك أتشهد أني ربك ؟ فيقول: نعم فيتمثل له شيطانان في صورة أبيه و أمه فيقولان: يا بني اتبعه فإنه ربك و إن من فتنته أن يسلط على نفس واحدة فيقتلها ينشرها بالمنشار حتى تلقى شقين ثم يقول: انظروا إلى عبدي هذا فإني أبعثه ثم يزعم أن له ربا غيري فيبعثه الله و يقول له الخبيث: من ربك ؟ فيقول: ربي الله و أنت عدو الله أنت الدجال و الله ما كنت قط أشد بصيرة بك مني اليوم ؛ و إن من فتنته أن يأمر السماء أن تمطر فتمطر و يأمر الأرض أن تنبت فتنبت ؛ و إن من فتنته أن يمر بالحي فيكذبونه فلا يبقى لهم سائمة إلا هلكت ؛ و إن من فتنته أن يمر بالحي فيصدقونه فيأمر السماء أن تمطر فتمطر و يأمر الأرض أن تنبت فتنبت حتى تروح مواشيهم من يومهم ذلك أسمن ما كانت و أعظمه و أمده خواصر و أدره ضروعا ؛ و إنه لا





يبقى شيء من الأرض إلا وطئه و ظهر عليه إلا مكة و المدينة لا يأتيهما من نقب من أنقابهما إلا لقيته الملائكة بالسيوف صلتة حتى ينزل عند الضريب الأحمر عند منقطع السبخة فترجف المدينة بأهلها ثلاث رجفات فلا يبقى فيها منافق و لا منافقة إلا خرج إليه فتنفي الخبيث منها كما ينفي الكير خبث الحديد و يدعى ذلك اليوم يوم الخلاص قيل: فأين العرب يومئذ ؟ قال: هم يومئذ قليل (وجلهم ببيت المقدس) ؛ و إمامهم رجل صالح فبينما إمامهم قد تقدم يصلي بهم الصبح إذ نزل عليهم عيسى ابن مريم الصبح فرجع ذلك الإمام ينكص يمشي القهقرى ليتقدم عيسى فيضع عيسى يده بين كتفيه ثم يقول له: تقدم فصل فإنها لك أقيمت فيصلي بهم إمامهم فإذا انصرف قال عيسى: افتحوا الباب فيفتحون و وراءه الدجال معه سبعون ألف يهودي كلهم ذو سيف محلى و ساج فإذا نظر إليه الدجال ذاب كما يذوب الملح في الماء ؛ و ينطلق هاربا (و يقول عيسى: إن لي فيك ضربة لن تسبقني) فيدركه عند باب لد الشرقي فيقتله فيهزم الله اليهود فلا يبقى شيء مما خلق الله عز و جل يتواقى به يهودي إلا أنطق الله ذلك الشيء لا حجر و لا شجر و لا حائط و لا دابة إلا الغرقدة فإنها من شجرهم لا تنطق إلا قال: يا عبد الله المسلم هذا يهودي فتعال اقتله فيكون عيسى بن مريم في أمتي حكما عدلا و إماما مقسطا يدق الصليب و يذبح الخنزير و يضع الجزية و يترك الصدقة فلا يسعى على شاة و لا بعير و ترفع الشحناء و التباغض و تنزع حمة كل ذات حمة حتى يدخل الوليد يده في الحية فلا تضره و تضر الوليدة الأسد فلا يضرها و يكون الذئب في الغنم كأنه كلبها و تملأ الأرض من السلم كما يملأ الإناء من الماء و تكون الكلمة واحدة فلا يعبد إلا الله و تضع الحرب أوزارها و تسلب قريش ملكها و تكون الأرض كفاثور الفضة تنبت نباتها بعهد آدم حتى يجتمع النفر على القطف من العنب فيشبعهم يجتمع النفر على الرمانة فتشبعهم و يكون الثور بكذا و كذا من المال و يكون الفرس بالدريهمات (قالوا: يا رسول الله و ما يرخص الفرس ؟ قال: لا تركب لحرب أبدا قيل: فما يغلي الثور قال: تحرث الأرض كلها) و إن قبل خروج الدجال ثلاث سنوات شداد يصيب الناس فيها جوع شديد يأمر الله السماء السنة الأولى أن تحبس ثلث مطرها و يأمر الأرض أن تحبس ثلث نباتها ثم يأمر السماء في السنة الثانية فتحبس ثلثي مطرها و يأمر الأرض فتحبس ثلثي نباتها ثم يأمر السماء في السنة الثالثة فتحبس مطرها كله فلا تقطر قطرة و يأمر الأرض فتحبس نباتها كله فلا تنبت خضراء فلا يبقى ذات ظلف التهليل و التكبير و التحميد

و يجزئ ذلك عليهم مجزأة الطعام) (ه ابن خزيمة ك الضياء) عن أبي أمامة)

**346.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئاللاھ، ئادەم باللىرىنى ياراتقاندىن باشلاپ يەر يۈزىدە دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ چوڭراق پىتنە ــ پاسات بولۇپ باقمىدى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، مەن بولسام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، سىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بولىسىلەر، دەججال شەك ــ شۈبھىسىز چوقۇم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردا بار ھايات ۋاقتىمدا چىقىپ قالسا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مەنلا ھۆججەت قويۇپ غالىپ كېلىمەن، مەن داۋالىشىمەن، ئەگەر ئۇ مەندىن كېيىن چىقىپ قالسا، ھەممىسى ئۆزىگە ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، ھەربىر مۇسۇلمانغا ياردەم بېرىشتە، ئاللاھتائالا ماڭا خەلىپە بولىدۇ، ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەتەن دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە خۇددى بوراندەك تېز بارىدۇ، پىتنە ــ پاسات تېرىيدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئى خالايىق! مۇستەھكەم چىڭ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە دەججالنىڭ مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر پەيغەمبەر سۈپەتلەپ بەرمىگەن سۈپىتىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ ئالدى بىلەن چىقىپلا مەن پەيغەمبەر دەيدۇ، دىققەت قىلىڭلار، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق. ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ. دىققەت قىلىڭلار، سىلەر ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارمىغىچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، ئوخشىشى يوق. دەججالنىڭ پېشانىسىگە «كافىر» دېگەن خەت يېزىقلىق بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق كاتىب ۋە غەيرى كاتىب بولغان خەت يازالايدىغان خەت يازالمايدىغان مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ.

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ، كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت ــ دوۋزاخنىڭ كۆرۈنۈشى بار، دوۋزاخ دېگىنى جەننەت، جەننەت دېگىنى دوۋزاخ ئوتىدۇر، كىم ئۇنىڭ ئوتى بىلەن سىنىلىپ، بالاغا قالسا، ئاللاھدىنلا ياردەم سوراپ، سۈرە كەھپىنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇسۇن، ئاندىن ئوت خۇددى ئىبراھىمغا سالامەت بولغاندەك سوغۇق ۋە سالامەت بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ يېزىلىق ئەئرافىيغا قانداق قارايسەن، قېنى دەپ باققىنە، ئەگەر مەن ساڭا داداڭ بىلەن ئاناڭنى تىرىلدۈرۈپ بەرسەم مېنىڭ رەببىڭ ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ، ئۇ ئەئرافى ھەئە گۇۋاھلىق بېرىمەن





دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى جىن ــ شەيتان ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ، ئى بالام، سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ رەببىڭ بولىدۇ دەيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ بىر مۆئمىن ئىنسانغا غالىپ كېلىپ ئۇنى ھەرە بىلەن تىلىپ ئىككى پارچە قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار، مەن ئۇنى تىرىلدۈرسەم ئۇ قوپۇپ مەندىن باشقا رەببىم بار دەپ داۋا قىلىدۇ دەيدۇ. (چۈنكى، ئۇ مۆئمىننىڭ ئېتىقادىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئالدىن شۇنداق دېگەن). ئاندىن، ئاللاھ ئۇ بەندىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ بەندىگە نىجىس دەججال رەببىڭ كىم؟ دەيدۇ، ئۇ بەندە مېنىڭ رەببىم ئاللاھدۇر، سەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەججال بولىسەن دەيدۇ، ۋە يەنە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈنكىدەك ساڭا تولۇق ھۆججەت ئالامەت، دەلىل ــ ئىسپاتتا بولۇپ باقمىغان، سەن راستىنلا دەججال دەيدۇ، (چۈنكى، ئۇ مۆئمىن مۇشۇ ھەدىسنى تولۇق بىلىدۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇ چاغدا مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ، ئۆزىمۇ مۆجىزە ئىدى). ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئاسماننى يامغۇر يېغىشقا بۇيرىسا، يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى زىرائەت، ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈشكە بۇيرىسا ئۈمۈ ئۈندۈرىدۇ، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىزنى بىلەن بولىدۇ) يەنە ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ بىر قەبىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرى قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر پىتنىسى شۇكى، ئۇ يەنە بىر قەبىلىدىن ئۆتسە ئۇلار ئۇنى تەستىقلاپ ئىشىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئاسماننى بۇيرىسا، يامغۇر ياغىدۇ، زېمىننى بۇيرىسا زىرائەت ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرى شۇ كۈنىلا بۇرۇنقىدىن سېمىز، چوڭ قورسىقى توقلىقىدىن بەللىرى چىقىپ ئوتلايدۇ، شۇنداق سۈتلۈك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ، زېمىن قالماي ھەممە جايغا دەسسەيدۇ لېكىن، مەككە ــ مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ، مەككە ــ مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا يول ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر، يالىڭاچ قىلىچ تۇتۇپ قوغدايدۇ، ئۇ مەدىنىگە يېقىن تۇزلۇق، شورلۇق زېمىننىڭ ئۈزۈلگەن جايىدىكى قىزىل دۆۋە تۆپىلىككە چۈشكەندە مەدىنە ئىچىدە مۇناپىق ئەر، مۇناپىق ئايال قالماي ھەممىسى دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ، مەدىنە ئۆزىدىن خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك نىجىسلارنى كاپىر، مۇناپىقلارنى تازىلايدۇ، شۇ كۈننى خالاس كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر شۇ كۈندە قەيەردە بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار ئۇ چاغدا ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى كۆپىنچىسى بەيتۇلمۇقەددەستە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمامى سالىھ، ياخشى كىشى بولۇپ، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئىمامى ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققاندا، تۇيۇقسىز ئۇلارغا ئەيسا

بامدات ۋاختىدا چۈشىدۇ، ئىمام ئەيسانىڭ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىدۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ئىمامنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئالدىغان چىققىن، سەن ناماز ئوقۇۋەرگىن، سەن ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلدى دەيدۇ، ئىمام ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن قايتقاندا ئەيسا ئىشىكنى ئېچىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا دەججال **70000** يەھۇدىي بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ھەممىسى ئالتۇن بىلەن ھەل، زىبىنەت بېرىلگەن ئېسىل قىلىچلارنى ئاسقان ھالەتتە تۇرىدۇ، دەججال ئەيسانى كۆرۈپ خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇ ئەيسادىن قاچىدۇ، ئەيسا، توختا! ھەقىقەتەن مېنىڭ ساڭا بىرلا قىلىچ ئۇرۇشۇم بار، سەن ھەرگىز ماڭا غالىپ كېلەلمەيسەن، قېچىپ قۇتۇلالمايسەن دەپ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ شەرىق تەرەپتىكى لۇد دېيىلىدىغان ئىشىكتە ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ يېڭىدۇ.

ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق بىر نەرسىدە يەھۇدىي يوشۇرنۇپ ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇ نەرسىنى سۆزلىتىۋېتىدۇ، تاش، چالما دەرەخ، تام، ھايۋانمۇ قالماي ھەممىسى: ئى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىسى، مانا بۇ يەھۇدىي، بۇجايغا يوشۇرنۇۋالدى كەل بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دەيدۇ، لېكىن، غەرقەد ئىسىملىك دەرەخ سۆز قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ پەرۋىش قىلىدىغان شوخۇلۇق دەرىخىدۇر، ئاندىن مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىم ئىچىدە ئادىل ھاكىم، ئادىل ئىمام بولىدۇ، كىرىس بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا ئۆلتۈرىدۇ، ئۆشرە ـ زاكاتنى يىغمايدۇ، قوي، كالا، تۆگىلەرنى زاكات ھېسابلاپ ئالمايدۇ، ئۆزئارا ئۆچ ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەربىر زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرى تارتىلىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھەتتا كىچىك سەبى باللار قوللىرىنى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئاغىزىغا سالسا، يىلان ئۇ بالىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، بىر كىچىك دىدەك، چۆرە، بالا، شىر، يولۋاسقا زەرەر يەتكۈزسىمۇ ئۇ يولۋاس، ئۇ قىزچاققا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. بۆرىلەر قويلار ئارىسىدا خۇددى شۇ قويلارنى باقىدىغان ئىتتەك بولۇپ قالىدۇ، پۈتۈن زېمىن خۇددى قاچا سۇغا تولغاندەك تىنىچلىققا، سالامەتلىككە تولىدۇ، كەلىمە بىرلا بولىدۇ، يەنى ئىسلام دىنىلا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بولىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىدۇ، ئۇرۇش توختۇتۇلىدۇ.

ئەرەبلەر پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ، زېمىن خۇددى كۈمۈش تەخسى،





پەتنۇستەك بولۇپ ئادەمنىڭ زامانىدەك ئۆسۈملۈك ئۈندۈرىدۇ، بەرىكەت تولىدۇ، ھەتتا بىر توپ جامائەت بىر ساپاق ئۈزۈمگە تويىدۇ، بىر توپ جامائەت بىرلىشىپ بىر تال ئانارنى يېسە شۇ بىر تال ئانار ئۇلارنى تويغۇزىدۇ.

كالا مۇنداق مۇنداق مالغا ئېلىنىدۇ، يەنى قىممەت، ئات بولسا، بىر نەچچە ئۇششاق دەرھەمگە سېتىلىدۇ، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نېمە ئۈچۈن ئات ئەرزان؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇ مەڭگۈ جەڭگە مىنىلمەيدۇ، كالا بولسا پۈتۈن يەرنى ھەيدەيدۇ، شۇڭا ئۇ قىممەت دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى، دەججالنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئۈچ يىل بولۇپ، بۇ قەھەتچىلىك يىللاردا كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يېتىدۇ، بىرىنچى يىلىلا ئاللاھ، ئاسماننى يامغۇرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى توختۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ، زېمىننى ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى توختۇتۇشقا ساقلاپ چىقارماسلىققا بۇيرىيدۇ، ئىككىنچى يىلى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى توختۇتۇشقا بۇيرىيدۇ، ئۈچىنچى يىل بولسا، ئاسماننى پۈتۈنلەي يامغۇر ياغدۇرماسلىققا، زېمىننى پۈتۈنلەي ئۆسۈملۈك، زىرائەت، گىياھ ئۈندۈرمەسلىككە بۇيرىيدۇ، ئاسمان بىر تامچە يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، زېمىنمۇ بىر تال گىياھ ئۈندۈرمەيدۇ، تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىلەر، چارۋىلار پۈتۈنلەي قالماي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار تۇرمۇشنى تەھلىل، تەكبىر، تەسبىھ، ھەمدۇ ئېيتىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئاشۇ ئىبادەت زىكىرلەر ئۇلارغا تاماقنىڭ ئورنىدا كۇپايە بولىدۇ دىگەن. ئىبنى ماجە **4067** ـ ھەدىس، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أنا سيد الناس يوم القيامة و هل تدرون مم ذلك ؟ يجمع الله الأولين و الآخرين في صعيد واحد يسمعهم الداعي و ينفذهم البصر و تدنو الشمس منهم فيبلغ الناس من الغم و الكرب ما لا يطيقون و لا يحتملون فيقول بعض الناس لبعض : ألا ترون ما قد بلغكم ؟ ألا تنظرون من يشفع لكم إلى ربكم ؟ فيقول بعض الناس لبعض : ائتوا آدم فيأتون آدم فيقولون : يا آدم أنت أبونا أنت أبو البشر خلقك الله بيده و نفخ فيك من روحه و أمر الملائكة فسجدوا لك اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم آدم : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه نهاني عن الشجرة فعصيته نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى نوح ؛ فيأتون نوحا فيقولون : أنت أول الرسل إلى أهل الأرض و سماك الله (عبدا شكورا اشفع

لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم نوح : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه قد كانت لي دعوة دعوت بها على قومي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى إبراهيم ؛ فيأتون إبراهيم فيقولون : يا إبراهيم ؟ أنت نبي الله و خليله من أهل الأرض اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم إبراهيم : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قد كنت كذبت ثلاث كذبات نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى موسى ؛ فيأتون موسى فيقولون : يا موسى ! أنت رسول الله فضلك الله برسالاته و بكلامه على الناس اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قتلت نفسا لم أومر بقتلها نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى عيسى ؛ فيأتون عيسى ! فيقولون : يا عيسى أنت رسول الله و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و كلمت الناس في المهد اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم عيسى : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى محمد ؛ فيأتوني فيقولون : يا محمد ! أنت رسول الله و خاتم الأنبياء و غفر الله لك ما تقدم من ذنبك و ما تأخر اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ ؛ فأنطلق فآتي تحت العرش فأقع ساجدا لربي ثم يفتح الله علي و يلهمني من محامده و حسن الثناء عليه شيئا لم يفتحه لأحد قبلي ثم يقال : يا محمد ! ارفع رأسك سل تعط و اشفع تشفع فأرفع رأسي فأقول : يا رب ! أمتي أمتي فيقال : يا محمد أدخل الجنة من أمتك من لا حساب عليه من الباب الأيمن من أبواب الجنة و هم شركاء الناس فيما سوى ذلك من الأبواب و الذي نفسي بيده إن ما بين مصراعين من مصاريع الجنة لكما بين مكة و هجر أو كما بين مكة و بصرى) . (حم ق ت) عن أبي هريرة .

**347.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟





ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ، چاقىرىقچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپىي بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە غەم ــ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ، بەزىسى بەزىسىگە مۇنداق دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ــ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشۇۋەققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسىگە، ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دادىسى، ئاللاھ سىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى پۈۋدىدى، پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى، (مەخسەت سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟. ئادەم ئاتا ئۇلارغا : ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس، ھەقىقەتەن ئاللاھ مىنى دەرەخنى يېيىشتىن توسقان ئىدى، مەن ئاسي بولدۇم، بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن، مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلا دەيدۇ، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكىر قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنسىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم، مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلاردەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زېمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىلى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن، مۇشەققەتكە قارىمامىلا؟ ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن

قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سىلىنى ئەلچى قىلىش، سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، ھالىمىزغا قارىمامسىلا؟ دەپ يالۋۇرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئۈچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەريەم ئانىغا تاشلىغان، كۈن دېگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان روھ، سىلى كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان، دىمەك، سىلى شۇنداق ئۇلۇغ، بىز ئۈچۈن ئاللاھدىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم – قايغۇغا قارىمامسىلا؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، (بۇ غەزەپ زالىملاردىن دىنسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان، بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىمامسىلا؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت – ئەلەم، غەيىم – قايغۇ، قورقۇنچلارنى كۆرمەملا، بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا، ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇسانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ، (دىمەك، شۇ ھەمدۇسانا، ئىسىم ئەزەملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇدىيىلىدۇ، ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئۈممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرگۈزگىن، ئۇلارۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن باشقا ئىشىكلەردە





شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى ئىشىكنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر، (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، بۇخارى 3092 ـ ، 3111 ـ ، 4343 – ھەدىس، مۇسلىم 287 – ھەدىس، تىرمىزى 2358 – ھەدىس، نەسەئى 1128 – ھەدىس، ئەھمەد 9250 – ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دىگەن، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار دىگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۈلەنمەسلىك، گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۆلىنىۋالماي بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى! دىگەن بار، شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

أنا سيد ولد آدم يوم القيامة و لا فخر و بيدي لواء الحمد و لا فخر و ما من نبي يومئذ آدم فمن سواه إلا تحت لوائي و أنا أول شافع و أول مشفع و لا فخر (حم ت ه) عن أبي سعيد

348. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ سەييىدى، يول باشچىسى بولىمەن، لېكىن، پەخىرلەنمەيمەن، ھەمدە بايرىقى مېنىڭ قولۇمدا بولىدۇ، يەنىلا مەندە پەخىر يوق، ئادەم ئاتا ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر مېنىڭ بايرىقىم ئاستىدا بولىدۇ، مەن تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى، تۇنجى بولۇپ، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىدىغان شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى بولىمەن، لېكىن، پەخىرلەنمەيمەن، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل لترفع درجته في الجنة فيقول : أنى لي هذا ؟ فيقال : باستغفار ولدك لك (حم ه هق) عن أبي هريرة

349. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دەرىجىسى جەننەتتە،ئۇنىڭ خەۋىرىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ،ئۇ،بۇدەرىجە ماڭا قەيەردىن كېلىپ قالدى؟

دەپ سوۇرايدۇ، ئۇنۇڭغا: بالاڭنىڭ سەن ئۈچۈن مەغفىرەت سوراپ ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبىدىن كەلدى دېيىلىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقىي توپلىغان سەھىھ.

(صحيح) ليس في الجنة شيء مما في الدنيا إلا الأسماء (الضياء) عن ابن عباس

**350**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىكى نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى جەننەتتە بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت ئىسىملا باردۇر، ئۆزى قەتئىي ئوخشىمايدۇ، (مەسىلەن: خورما، باغ، تۆگە، قۇش، ئانار، ھەسەل، سۈت دېگەنلەرنىڭ ئىسمى بار، ئىسمى ئوخشاش، لېكىن ئۆزى ئوخشاشمايدۇ، خۇددى ھۆر ئاياللىرى ئوخشاشمىغاندەك). زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

جەننەت سىز پەرەز قىلغاندىنمۇ ئەۋزەل، لەززەتلىكتۇر، قەلبىڭىز خوتۇر قىلىپ باقمىغان نەرسىلەر باردۇر.

الله ئۆز رەھمەت پەزلى بىلەن بىزلەرنى ئەپۇقىلىپ، مەغپىرەت قىلىپ جەننەت ئەھلىدىن بولۇپمۇ فىردەۋس ئەھلىدىن قىلسۇن ئامىن!!!